ISSN: 2602–389X

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا بېغىشلانغان ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال



# ئىزدىنىش

2018 ـ يىللىق 2 ـ سان    ئومۇمىي 4 ـ سان

Uygur Edebiyatı ※ Uyghur Literature ※ Уйғур Әдәбияти ※ www.uyghuredebiyati.net /izdinish /izdinish













1 ـ رەسىم: سەنئەتكار ھاشىم قۇربان شىۋىتسىيەدە ئۆتكۈزۈلگەن «گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرى» كۆرگەزمىسىدە.
2 ـ رەسىم: 2006 ـ يىلى ئاستانىدا، قازاقىستان پرېزىدېنتى نۇرسۇلتان نەزەربايېۋغا سوۋغات بېرىش خاتىرىسى.
3 ـ رەسىم: رەسسامنىڭ بەزى قاپاق سەنئىتى ئىجادىيەتلىرىدىن ئۆرنەكلەر.
4 ـ رەسىم: ۋېنگرىيە پايتەختى بۇداپېشتتا ئۆتكۈزۈلگەن دۇنيا ئۇيغۇر قەلەمكەشلىرى(PEN) يىغىنى خاتىرىسى.

# ژۇرنىلىمىز ھەققىدە

مەزكۇر ژۇرنال ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دۇنيا ئەدەبىياتىدىكى كىلاسسىك ۋە نادىر ئەسەرلەرنى ئوقۇرمەنلەرگە تەقدىم قىلىش، ئۇيغۇر تىلىدا ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كەسىپ ئىگىلىرى ۋە ھەۋەسكارلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلىش، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى ۋە ئەدەبىي تىلىنى باشقا تۈركىي مىللەتلەرگە تونۇشتۇرۇش، شۇنداقلا ئۇيغۇر تىلىدىكى بىر ژۇرنالنى مەزمۇن ۋە سۈپەت جەھەتتىن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، خەلقئارادىكى سۈپەتلىك ئەدەبىي ژۇرناللارنىڭ سەۋىيەسىگە يەتكۈزۈشنى مەقسەت قىلىدىغان پەسىللىك ئەدەبىي ژۇرنال.
مەزكۇر ژۇرنالدا پەقەت ئەدەبىي ئەسەرلەرلا ئېلان قىلىنىدىغان بولۇپ، بىۋاستە ئۇيغۇرچە يېزىلغان ياكى باشقا تىللاردىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلەر قوبۇل قىلىنىدۇ.

**ژۇرنالغا قوبۇل قىلىنىدىغان ئەدەبىي ئەسەرلەر:**

1. ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى كىلاسسىك ۋە نادىر ئەسەرلەر
2. ئىجادىي ئەسەرلەر
3. باشقا تىللاردىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلەر
4. خەلق ئارىسىغا تارقالغان ئەقلىيە سۆز، ماقال-تەمسىل، چۆچەك، قوشاق، يۇمۇر قاتارلىقلار
5. ئۇيغۇرلار تەسۋىرلەنگەن رەسىملەر، فوتو-سۈرەت، ھەجۋىي رەسىملەر
6. مەلۇم رايونلاردىكى ئۇيغۇر ئارىسىدىلا قوللىنىلىدىغان سۆزلەر (لۇغەت)

**ئەسەر ئەۋەتىش ھەققىدە:**

1. ئەسەرلەر uyjurnal@gmail.com ئادرېسى ئارقىلىق قوبۇل قىلىنىدۇ.
2. كىلاسسىك ۋە نادىر ئەسەرلەر ھەققىدىكى ئۇچۇرلار (ئاپتورى، ژانىرى، ئېلان قىلىنغان ژۇرنال، كىتاب، يىلنامە قاتارلىقلار) ئېنىق ئەسكەرتىلىشى كېرەك.
3. تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ ئەسلى تىلى ھەققىدىكى ئىزاھات ۋە ئەسلى تېكىستى تەمىنلىنىشى كېرەك.
4. ئىجادىي ئەسەرلەرنىڭ ژانىرى ئەسكەرتىلىشى كېرەك.
5. ئەۋەتىلگەن ئەسەرلەردە ئەۋەتكۈچىلەرنىڭ (ئاپتورلار ۋە نەشرگە تەييارلىغانلار) ئىسمى يېزىلماسلىقى كېرەك.

**ئەسەرنىڭ باھالىنىشى ۋە قوبۇل قىلىنىشى:**

1. ژۇرنالغا ئەۋەتىلگەن بارلىق ئەسەرلەر ژانىرىغا قاراپ ئۈچ باھالاش ھەيئىتىگە ئەۋەتىلىدۇ.
2. قوبۇل قىلىنىشى ئۈچۈن ئەسەر ئاز دېگەندە ئىككى باھالاش ھەيئىتىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتۈشى كېرەك.
ئەسەرلەرنىڭ ئادىل باھالىنىشى ئۈچۈن، ئەۋەتىلگەن ئەسەرلەردە ئاپتورلارنىڭ ئىسمى ياكى كىملىكى ھەققىدىكى ئۇچۇرلار بىلدۈرۈلمەيدۇ.
3. ئەسەرلەر ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى بىلەن، تىل-يېزىق ئىملا قائىدىسىگە رىئايە قىلىنغان ئاساستا يېزىلىشى كېرەك.
4. مەزمۇن جەھەتتىن ژۇرنالنىڭ قوبۇل قىلىش دائىرىسى ئىچىدە بولۇش كېرەك.
5. ئەسەر قوبۇل قىلىنسا، ئەسەر ئاپتورىدىن ئىسىم، تەخەللۇس (ئەگەر ئىشلىتىدىغان بولسا) ۋە قىسقىچە تونۇشتۇرۇش (ئەگەر ئاپتور تەمىنلەشنى خالىسا) تەلەپ قىلىنىدۇ.
6. ئەسەر قوبۇل قىلىنمىسا، قوبۇل قىلىنمىغانلىق ئۇچۇرى تەكلىپ ۋە پىكىرلەر بىلەن ئەۋەتىلىدۇ.
7. ئەسەرلەرنىڭ قوبۇل قىلىنىشى پۈتۈنلەي باھالاش ھەيئىتىنىڭ قارارى بىلەن بولىدۇ.

**ژۇرنالنىڭ ئېلان قىلىنىش شەكلى:**

ژۇرنال پەسىللىك تور ژۇرنىلى بولۇپ، ئەرەب ھەرپلىرى، لاتىن ھەرپلىرى، سلاۋيان ھەرپلىرى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقىدا ۋە (باشقا تۈرك مىللەتلىرىنىڭمۇ ژۇرنىلىمىزدىن پايدىلىنالىشى ئۈچۈن) بىرلىككە كەلگەن تۈرك ئېلىپبەسىدە بولۇپ جەمئىي تۆت نۇسخا ئېلان قىلىنىدۇ. يىلدا بىر قېتىم تۆت سان بىرلەشتۈرۈلۈپ يىللىق توپلام شەكلىدە نەشر قىلىنىپ، ئۇنىۋېرسىتېت ۋە ئاممىۋى كۇتۇپخانىلارغا ھەقسىز تارقىتىلىدۇ.

ھۆرمەت بىلەن: «ئىزدىنىش ژۇرنىلى» تەھرىرلىك ھەيئىتى

www.uyghuredebiyati.net

/izdinish /izdinish

www.uyghurkitap.com

# ئىزدىنىش ژۇرنىلى

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا بېغىشلانغان ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال
Уйғур Әдәбиятиға Беғишланған Универсал Әдәбий Журнал
Uyghur Edebiyatigha Béghishlanghan Uniwérsal Edebiy Jurnal
www.uyghuredebiyati.net

2018 ـ يىللىق 2 ـ سان
ئومۇمىي 4 ـ سان
ISSN: 2602–389X

**ژۇرنال مەسئۇلى، مۇھەررىرى**
مۇرات ئورخۇن

**باش تەھرىر:**
زۇلھايات ئۆتكۈر (شىۋېتسىيە)

**تەھرىر ھەيئىتى**
ئالىمجان ئىنايەت (تۈركىيە)
ئادەم ئۆگەر (تۈركىيە)
مەمەتتۇرسۇن زۇنۇن ئوقيا (ئەنگلىيە)
رىدۋان ئۆزتۈرك (تۈركىيە)
ئەكبەرجان باۋۇدۇن (قىرغىزىستان)
مەغفىرەت كامال (تۈركىيە)
راھىلە قەشقەرى (تۈركىيە)
دىل رەيھان (فرانسىيە)
مولوتجان توختاخىنوۋ (قازاقىستان)
سابىرەم ئەنۋەروۋا (قازاقىستان)
زۇلھايات ئۆتكۈر (شىۋېتسىيە)
دىلدۇز تېلمان (ئامېرىكا)

**خەتتات**
نۇر ئەفۋان

**بەتچىك**
ئالىمجان ئىبراھىم

## ئىجاتكارلىرىمىز

ئالىم (مۆمىن) ھەمرايېۋ ۋە ئۇنىڭ ئىجادىي پائالىيەتلىرى توغرىسىدا..................ئابدۇرەھىم سابىت 6
توزىماس چېچەكلەر........................................................................ھاجى ئەخمەت 12
قۇمتۇرا چۈشى...........................................................ئەسەد سۇلايمان (ئامېرىكا) 16

## ھېكايىلەر باغچىسى

باي قەلەندەر ................................................................ زۇنۇن قادىرى 10
ۋەتەن سۆيگۈسى ............................................................ ئايشە بۇلۇت (تۈركىيە) 21
تۈركچىدىن ئەسما ئىلھام ئۇيغۇرچىلاشتۇرغان
مۇقەددەس ۋەزىپە .................................... ھەبىبۇللا ئابلىمىت (گېرمانىيە) 30
مېھىر ـ مۇھەببەت ......................................... غوجىمۇھەممەت مۇھەممەت 45
ئەسلەتمە كاررتىسى...................................................ۋەرلىن (فرانسىيە) 46
مېھرىنىسا ئىسمايىل تەرجىمىسى (گېرمانىيە)
قەلبىم ماتەمدە بوۋگۈن ..................................... گۈلبەھرەم خوشايېۋا (قازاقىستان) 50

## غۇنچىلار قەلىمىدىن

ئىلمىي ئىزدىنىش ـ كېلەچىكىمىزنىڭ پارلاق يولى............غۇلامدۇنوۋ غۇلامجان (قازاقىستان) 38
مەن بوۋامنىڭ پەخرى.................................غۇلامدۇنوۋ غۇلامجان (قازاقىستان) 40
شېئىرلار...............................................ئاككۇزائېۋ تايمىر (قازاقىستان) 40
جازا.......................................................نىشاناۋا رۇخشانا (ئۆزبېكىستان) 41
ئۆزبېكچىدىن مۇرات ئورخۇن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغان
مەكتىپىم.....................................................دىلنۇر تالغاتوۋا (قازاقىستان) 41

## باللارغا ئاتاپ

بىلىم ..................................ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن ( ئەنگلىيە) 42
نەسىرلەر ............................................ ئەخەت ئىمىن 43

## شېئىرىيەت گۈلزارى

غەزەل ۋە مۇخەممەسلەر.................... ئەھمەد زىيائى 13
ئۇيغان .................... ئابدۇخالىق ئۇيغۇر 23
شېئىرلار .................... تاھىر ھامۇت (ئامېرىكا) 24
شېئىرلار .................... مۇھەممەتجان ياسىن (قىرغىزىستان) 26
شېئىرلار .................... راھىلە كامال (شىۋېتسىيە) 28
ئىككى شېئىر .................... ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن ( ئەنگلىيە) 42
ئىككى شېئىر .................... لىندا كلاككەن (نورۋېگىيە) 49
نورۋېگىيە تىلىدىن مۇتەللىپ سەيدۇللا تەرجىمىسى
نالە ـ زار .................... دوختۇر تۇرغۇنجان ئۇيغۇر تۆرك ئوغلى 49
ئىككى شېئىر.................... پەرىدە نىياز (گېرمانىيە) 83
ئەي خەلقىم! .................... جىبران خىلىل جىبران (لىۋان) 84
ئەرەبچىدىن ئۇيغۇرۇلاھ تەرجىمىسى
ئانامدىن ئالغان دەرسلەر .................... رۇپى كائۇر (كانادا) 85
ئىنگلىزچىدىن دىلدۇز تىلىمان تەرجىمىسى
رۇبائىيلار .................... مۇھەممەدئىمىن ھاجىم 86

## نەسرلەر

يوقلۇق.................... ئابدۇلئەھەد ئابدۇللا تۇنۇش (تۆركىيە) 48

## بىلىم ۋە تەتقىقات

ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى «نوچى» ۋە «پوچى».................... توختى مۇزارت 56
مەمەتتۇرسۇن زۇنۇن ئوقيا (ئەنگلىيە)، فۇرقان مەھمۇد غازى (تۆركىيە) تەييارلىغان
19 ـ ۋە 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئورنى ھەققىدە بايانلار.................... زۇلھايات ئۆتكۈر (شىۋېتسىيە) 65
«قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ئەسلى تېكىستى بىلەن ھازىرقى زامان تۈركچە ۋە ئۇيغۇرچە سېلىشتۇرمىسى .................... مەمەتتۇرسۇن زۇنۇن ئوقيا (ئەنگلىيە) 69
شىۋېتسىيەدە ساقلىنىۋاتقان ئۇيغۇرلارغا دائىر ماتېرىياللار ۋە ئۇلارنىڭ بۈگۈنكى ئەھۋالى.................... ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت (شىۋېتسىيە) 78
گۇمىلىقلارنىڭ بىر قىسىم تۇرمۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئادەتلىرى.................... گۈننار ياررىڭ (شىۋېتسىيە) 88

## ئەدەبىي ئۇچۇرلار

ئۇيغۇر رەسسامى ھاشىم قۇرباننىڭ «گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرى» كۆرگەزمىسى ئېچىلدى .................... زۇلھايات ئۆتكۈر (شىۋېتسىيە) 87
ئالمۇتادا ئۇيغۇر ئانا تىلىغا بېغىشلانغان فېستىۋال ئۆتكۈزۈلدى.................... ئويغان (قازاقىستان) 89
«ئۇيغۇرلارغا نەزەر» ژۇرنىلى .................... دىل رەيھان (فرانسىيە) 91
كىتاب ئۇچۇرى: «ناتونۇش شەھەر»گە تېز سىزما .................... مۇتەللىپ سەيدۇللا (نورۋېگىيە) 93
كىتاب ئۇچۇرى: ئۇ «سۆكۈتتىن» سۆزلىگۈچى .................... مۇتەللىپ سەيدۇللا (نورۋېگىيە) 94

مۇقاۋىدا: ئۇيغۇر رەسسام ھاشىم قۇرباننىڭ ئەسىرى- سەھەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# ئالىم (مۆمىن) ھەمرايېۋ ۋە ئۇنىڭ ئىجادىي پائالىيەتلىرى توغرىسىدا

ئابدۇرەھىم سابىت

ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىيات تارىخىنىڭ سەھىپىلىرىنى بىرمۇ بىر ۋاراقلاپ كۆرگىنىمىزدە، «ئالىم ئاخۇن»، «ئۇستا ئالىم»، «دولانى» دېگەن ئىسىم ۋە تەخەللۇسلار بىلەن يېزىلغان كۆپلىگەن ئەدەبىي مىراسلارنى ئۇچرىتىمىز. بۇ ئەدەبىي مىراسلارنىڭ ئىگىسى-«ئېغىر كۈنلەردە»، «دولقۇنلار ئارىسىدا»، «مەيداندىن ئاۋاز» قاتارلىق پوۋېست، رومانلىرى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا ئەمدىلا بىخلىنىۋاتقان پروزا ژانىرىنى يېڭى بالداققا كۆتۈرگەن تالانتلىق يازغۇچى مۆمىن ھەمرايېۋدۇر.

مۆمىن ھەمرايېۋ 1908-يىلى ئالمۇتا ئوبلاستىنىڭ ئۇيغۇر رايونىدىكى نارىن يېزىسىدا بىر كەمبەغەل تۆمۈرچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ كىچىكىدىنلا ناھايىتى زېرەك، ئەقىللىق، چېچەن بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاتىسى تۇرمۇشنىڭ جاپالىق بولۇشىغا قارىماي پەرزەنتىنى ئوقۇمۇشلۇق، بىلىملىك كىشىلەردىن قىلىپ يېتىشتۈرۈش مەقسىتىدە، ئالمۇتا رايونىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەردىن بىرىگە ئوقۇشقا بېرىدۇ. م. ھەمرايېۋ بىر تەرەپتىن مەكتەپتە ئوقۇپ تەلىم-تەربىيە ئالسا، يەنە بىر تەرەپتىن بوش ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ ئاتىسىنىڭ ئىشلىرىغا ياردەملىشىدۇ. ئۇ باشلانغۇچ مەكتەپنى ئەلا نەتىجە بىلەن تۈگەتكەندىن كېيىن، تاشكەنت شەھىرىگە بېرىپ «ئوقۇتقۇچى يېتىشتۈرۈش تېخنىكومى» غا ئوقۇشقا كىرىدۇ. تېخنىكومدا ماتېماتىكا، فىزىكا، خېمىيە، تارىخ، جۇغراپىيىگە ئوخشاش ھەر خىل پەنلەرنى ئۆگەنگەندىن تاشقىرى، تىل-ئەدەبىيات پەنلىرىگىمۇ زور ئىشتىياق باغلاپ، قىزغىن ھەۋەس بىلەن ئۆگىنىدۇ. ئۆزىمۇ ھەم رۇس ئەدەبىياتى، ئۇيغۇر، قازاق، تاتار ئەدەبىياتىنىڭ ئالدىنقى ۋەكىللىرى بىلەن يېقىندىن تونۇشۇپ، ئۇلارنىڭ ئىجادىيەتلىرىدىن تەسىر ۋە ئىلھام ئېلىپ، قىسقا ھەجىمدىكى لىرىك شېئىرلارنى يېزىشقا باشلايدۇ. م. ھەمرايېۋ 1927-يىلى «تاشكەنت ئوقۇتقۇچىلار يېتىشتۈرۈش تېخنىكومى» نى تۈگەتكەندىن كېيىن، سۇرخەندەريا ئوبلاستىغا تەقسىم قىلىنىپ، ئۇ يەردىكى مەكتەپلەرنىڭ بىرىدە تىل-ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلەيدۇ. 1929-يىلى تاشكەنتكە قايتىپ كېلىپ ئۇيغۇر گېزىتىدە مۇخبىر ۋە ئەدەبىي خادىم بولۇپ، گېزىتنىڭ ئەدەبىي بېتىنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولىدۇ. مۇشۇ يىللاردا ئۇ ئىجادىيەتكە قىزغىن ئىشتىياق باغلاپ، بېرىلىپ ئىشلەپ ئەمگىكىنىڭ تۇنجى مېۋىسى بولغان «ئېغىر كۈنلەردە» ناملىق پوۋېستنى تاماملاپ، 1931-يىلى نەشر قىلدۇرىدۇ. بۇ ئەسەر شۇ چاغلاردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ يىرىك نامايەندىسى سۈپىتىدە تونۇلۇپ، جامائەتچىلىكنىڭ قىزغىن سۆيۈپ ئوقۇشىغا مۇيەسسەر بولىدۇ.

* «قەشقەر ئەدەبىياتى» 1985-يىللىق 1-ساندىن ئېلىندى.

مۆمىن ھەمرايېۋ 1934-يىلى ئىككىنچى يىرىك ئەسىرى «دولقۇنلار ئارىسىدا» ناملىق رومانىنى يېزىپ پۈتتۈرىدۇ. يازغۇچى بۇ روماندا ئەينى دەۋر ئۈچۈن مۇھىم ۋە ئاكتىۋال بولغان مەسىلە - قالاقلىق، كونىلىق بىلەن ئىلغارلىق، يېڭىلىق ئارىسىدىكى كۈرەشنى ئاساسىي تېما قىلغان ھالدا ياش قۇرغۇچىلارنىڭ مەركەزدىن چەت جايلارغا بېرىپ، سوۋېت تۈزۈمىنى مۇستەھكەملەش ۋە مەدەنىيەت تارقىتىش، ئاقارتىش ھەركەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى تەسۋىرلەپ كۆرسىتىدۇ.

روماندىكى باش قەھرىمان كونا دۇنيانى تولۇق يىلتىزىدىن يىمىرىشكە ھەركەت قىلىۋاتقان يېڭى دۇنيانىڭ ئادىمىدۇر. شۇڭا ئۇ يېڭى دۇنياغا قىزغىن مۇناسىۋەتتە بولۇپ، ئۇنىڭ بارلىق چاقىرىقلىرىنى قوللايدۇ ۋە ھىمايە قىلىدۇ. قاسىم ئاسمۇۋ ئۆز خاراكتېرى ھەم ماھىيىتى بىلەن يېڭى دۇنيانىڭ ئاڭلىق كۈرەشچىسى بولغاچقا، ئۇنى «ئېغىر كۈنلەردە» پوۋېستىدىكى خەلق ئازاتلىقى ئۈچۈن بارلىقىنى ئاتىغان، كونا دۇنيانى يىمىرىپ تاشلىماقچى بولغان ئىلەم ئوبرازىنىڭ داۋامى ۋە تولۇقلىمىسى دەپ قاراشقا بولىدۇ.

«دولقۇنلار ئارىسىدا» روماندا ئاپتور ماھارىتىنىڭ پىشىپ يېتىلمىگەنلىكى تۈپەيلىدىن ئاز-تولا يېتەرسىزلىكلەرگە يول قويغان بولسىمۇ، ئەمما ئۆز دەۋرى ئۈچۈن مۇھىم ۋە ئاكتىپۋال بولغان مەسىلىلەرنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، بىر تارىخى دەۋرنى ئەكس ئەتتۈرگەنلىكى بىلەن ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە.

يازغۇچى 1937-يىلى «مەيداندىن ئاۋاز» دىگەن يەنە بىر رومانىنى يېزىپ پۈتتۈرۈپ، نەشرىياتقا تاپشۇرغان بولسىمۇ، بىراق بۇ رومان نەشرىيات تەھرىر ھەيئىتىنىڭ قولىدا ئون-تونىسىز يوقىلىپ كەتكەنلىكتىن، مەزمۇنى ئوقۇغۇچىلارغا ئايان بولمىدى.

يازغۇچىنىڭ كېيىنكى ھاياتى شىنجاڭدا ئۆتتى. ئۇ 1937-يىلىنىڭ ئاخىرى تاشقورغان يولى ئارقىلىق يەكەنگە كەلدى. بىراق، ھۆكۈمەت دائىرلىرى ئۇنى « گۇمانلىق ئۇنسۇر» دەپ قولغا ئالدى. ئۇ يەكەن تۈرمىسىدە بىر يىل سەككىز ئاي ياتتى. شېڭشىسەي ھۆكۈمىتى ئۇنىڭدىن ئۆز گۇمانىغا دائىر بىرەر يىپ ئۇچىغا ئىگە بولالمىغانلىقى، شۇنداقلا 30-يىللاردا سوۋېت بىلەن بولغان باردى-كەلدى مۇناسىۋەت نورمال ئىش ھېساپلانغانلىقى ئۈچۈن، مۆمىن ھەمرايېۋنى ئاخىرى تۈرمىدىن قويىۋېتىشكە مەجبۇر بولدى. 1939-يىلى مۆمىن ھەمرايېۋ قەشقەرگە كېلىپ، قۇتلۇق شەۋقىنىڭ «يېڭى ھايات» گېزىتى (كېيىنكى ئۆزگەرتىلگەن ئىسمى « قەشقەر شىنجاڭ گېزىتى») گە ئورۇنلىشىپ، ئۇنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىكىنى قىلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئۇ چاغدىكى ئىسمى «ئالىم ئاخۇن» ئەدەبىي تەخەللۇسى « ئۇستا ئالىم»، «دولانى» ئىدى. ئۇستا ئالىم ئازكەم ئۈچ يىلغا يېقىن ۋاقىت جەريانىدا (بۇ ۋاقىتلارنىڭ كۆپ قىسمى گەرچە تۈرمىدە ئۆتكەن بولسىمۇ) جەنۇبىي شىنجاڭ خەلقىنىڭ فېئودالىزىم بويۇنتۇرۇقى ئاستىدا ئىنتايىن نامرات، نادان بىر ھالەتتە ياشاۋاتقانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىدۇ. شۇڭا ئۇ قەلەمنى قورال قىلىپ، جەڭگىۋار كۈرەش روھى بىلەن تولغان يالقۇنلۇق شېئىرلارنى يېزىش ئارقىلىق زۇلۇمغا، جاھالەت، نادانلىققا قارشى شىددەتلىك ئوت ئېچىپ، خەلق ئاممىسىنى ئازاتلىق، ئەركىنلىككە ئۈندىدى. ئۇنىڭ «دولانى» تەخەللۇسى بىلەن كېيىنرەك يازغان بىر شېئىرىدا مۇنداق مىسرالار بار:

ئىزلىسەم مەن بۇ جاھاندا ھەقنى سۆيگەن يوق ئەمەس،
ھەقنى ئىزدەپ بۇ ۋەتەندە باغرى كۆيگەن يوق ئەمەس.
باغ ئارا سايراشسا بۇلبۇل دائىما گۈل ئىشقىدا،
مېڭىسىنى قۇرت چېقىپ سەرساندا يۈرگەن يوق ئەمەس.
ئول زىمىستان زۇلمىدىن شامۇ-سەھەر قان يىغلىغان،
گۈلباھارغا زار بولۇپ ئارماندا ئۆلگەن يوق ئەمەس.
مىللىتىم دەپ ياش تۆكۈپ بىر قانچە ئەل ئاھ ئۇرسىلەر،
كۈلۈشۈپ مازاق ئېتىپ غەپلەتتە يۈرگەن يوق ئەمەس.
ئويلىغىن ئۆتكەن كۈنۈڭنى سەن ۋەتەن ئەۋلادىسەن،
دۇنيادىن كەتمەي تۇرۇپ دوۋزاقنى كۆرگەن يوق ئەمەس.
يىغلىما! سەن ئەي دولانى، قىش كېتىپ بولۇر باھار،
قىل كۈرەش دەپ چاقىرىپ، يەڭنى تۈرگەن يوق ئەمەس.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

ئۇستا ئالىم شېئىرلىرىدىكى مۇنداق ھۆرلۈك، ئەركىنلىك تەرغىباتلىرىنى كۆرگەن شىڭشىسەي دائىرىلىرى «كوممۇنىست ئىدىيىسىنى تەرغىپ قىلغان» دەپ قاراپ، 1942-يىلى 2-ئايدا ئۇنى قولغا ئالدى، شىڭشىسەي تۈرمىسىدە بېتىم ئىمزالانغۇچە ياتتى. 1946-يىلى 6-ئايدا گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا تىنچلىق بېتىمى ئىمزالىنىپ، سىياسىي مەھبۇسلارنى بىردەك ئازات قىلىش ئۇنىڭ بىر ماددىسى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنغانلىقتىن، ئۇستا ئالىم تۈرمىدىن ئازات قىلىندى. ئۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى ھۆكۈمىتىنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن «ئاڭ» گېزىتى ( « قەشقەرشىنجاڭ گېزىتى» نىڭ بېتىم مەزگىلىدىكى نامى « ئاڭ» ئىدى) گە باشلىقلىققا تەيىنلەندى. ئۇ گېزىتخانا باشلىقى بولغان مەزگىلدە گېزىتنى ياخشى باشقۇرۇپ، ئۇنىڭ سان، سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپلا قالماستىن، گېزىت ئەتراپىغا ئىلغار پىكىرلىك كىشىلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كۈرەش ئېلىپ بارىدىغان جەڭگىۋار تەشۋىقات قورالىغا ئايلاندۇردى؛ ھە دېگەندىلا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ بېتىمغا خىلاپلىق قىلىپ خەلق ئۈستىدىن زورلۇق-زومبۇرلۇق يۈرگۈزگەن، ئىلغار پىكىرلىك كىشىلەرگە زىيانكەشلىك قىلغان جىنايى قىلمىشلىرىنى ئېچىپ تاشلاپ، ئۇلارنىڭ «تىنچلىق بېتىمى» دىكى ساختا نىقابىنى يىرتىپ تاشلىدى. ئۇستا ئالىم مەتبەئەتچىلىك ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، خەلقنىڭ ئاڭ-سېزىمىنى ئويغۇتۇشقا ياردىمى بولىدىغان بىر قىسىم كىتاپلارنى نەشىر قىلىپ، خەلق ئارىسىغا تارقاتتى. «شېرىن» - ئەنە شۇلارنىڭ بىرى ئىدى. 1947-يىلى 7-ئايدا بېتىم بۇزۇلغاندىن كېيىن ئۇستا ئالىم، قاسىمجان قەمبىرى، خەلىپە سۈزۈك ھاجىيوۋ، ئابلىز مۇھەممەدى، نىزامىددىن ساليوۋ، تۇرغۇن ئالماس، ئابلەق ئېزىز، تۇرسۇن ئىبراھىملار بىلەن بىللە قولغا ئېلىنىپ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ يېڭىشەھەردىكى تۈرمىسىگە قامالدى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئۇنى تۈرمىدە ھەرخىل قىيىن-قىستاققا ئېلىپ، بوي سۇندۇرۇشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، بىراق ئۇستا ئالىم ھەممىگە بەرداشلىق بېرىپ مەھكەم تۇرغانلىقتىن، ئەكسىيەتچىلەر ئۇنى بوي سۇندۇرۇشقا ئامالسىز قالدى. 1949-يىلى 4-ئاينىڭ 8-كۈنى خەلقنىڭ قاتتىق بېسىمى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكىمىتىنىڭ قىستىشى بىلەن ئۇلارنى تۈرمىدىن بوشاتتى. يازغۇچى شۇ يىلى 8-ئايدا ئۈرۈمچىگە بېرىپ، ئۆلكە ئازات بولغۇچە جەمئىيەتتە بىكار يۈردى. ئۆلكە ئازات بولغاندىن كېيىن، ئۇ ئاۋۋال ئۆلكىلىك مەدەنىيەت-مائارىپ ھەيئىتىنىڭ مۇدىرى، كېيىن خەلق ئىشلار نازىرىغا نازىر بولۇپ، خەلق ئىگىلىكىنى تىكلەش خىزمىتىگە ئاكتىپ كۈچ قوشتى. 1955-يىلى 5-ئايدا تۇرپانغا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە كېتىۋېتىپ، داۋانچىڭدا قاتناش ھادىسىسىگە ئۇچراپ، بەختكە قارشى 47 يېشىدا ۋاپات بولدى. ئۇستا ئالىم شىنجاڭدا ياشىغان قىسقىغىنە 18 يىللىق ھاياتى جەريانىدا ئەدەبىياتىمىز ئۈچۈن سان جەھەتتىن ئاز بولسىمۇ، ئەمما مەزمۇن جەھەتتىن مول، تېرەن، ئىلغار دېموكراتىك ئىدىيەلەر بىلەن يۇغۇرۇلغان ئەسەرلەرنى قالدۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ بۇ ئەدەبىي مىراسلىرى ھەر قايسى نەشرىيات ئورۇنلىرىنىڭ ئارخىپلىرىدا، خەلق ئارىسىدا ساقلانماقتا. ئۇنى ئىزدەپ تېپىپ جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈش ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرىنىڭ باش تارتىپ بولالمايدىغان مەسئۇلىيىتى ۋە مۇھىم بۇرچىدۇر.

بىز تۆۋەندە تونۇشتۇرماقچى بولغان «ئېغىر كۈنلەردە» پوۋېستى يازغۇچىنىڭ مەلۇم بولغان ئەسەرلىرى ئارىسىدىكى ۋەكىللىك خارەكتېرى بىر قەدەر كۈچلۈك بولغان ئىجادىي ئەمگەكلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئاپتور بۇ پوۋېستىدا تۈركىستان رايونىدا ياشىغۇچى ئاز سانلىق مىللەتلەر ھاياتىدىكى چوڭ ۋەقە ھېسابلانغان 1916-يىلدىكى لاشمانلىققا ئېلىنىش ۋەقەسىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان ھالدا سوۋېت تۇپرىقىدا ياشىغۇچى ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىنىڭ ئۇلۇغ ئۆكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلابى غەلىبە قىلغۇچە بولغان ئارىلىقتىكى پاجىئەلىك تۇرمۇشىنى ئىنتايىن رېئال ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن.

ئەسەرنىڭ باش قەھرىمانى ئىلەم، ئەنە شۇ لاشماللىققا تۇتۇلغان ئۇيغۇر ئەمگەكچىلەرنىڭ باشتىن كەچۈرگەن ھايات پاجىئەلىرى، جاپا-مۇشەققەتلىرىنى ئۆزىدە جەملىگەن تىپىك ئوبرازدۇر. يازغۇچى ئەسەردە گەرچە ئىلەمنىڭ لاشماللىققا تۇتۇلغىچە ئارىلىقتىكى ھايات پائالىيىتىنى تەسۋىرلىمىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ كېيىنكى ھاياتىدىكى بىر قانچە ۋەقەلىكلەر ئارقىلىق ئىلەمنىڭ بىر پۈتۈن خاراكتېرىنى سىزىپ چىققان. بىز پوۋېستنىڭ بېشىدا ئىلەمنى ھاياتنىڭ ماھىيىتىنى ئانچە چۈشەنمەيدىغان، مۇدھىش تەقدىرگە بويسۇنغان، ئاڭسىز، نادان بىر دېھقان سۈپىتىدە چۈشەنسەك، پوۋېستنىڭ ئاخىرىدا ئىجتىمائىي رېئاللىققا خېلى ئاڭلىق قارايدىغان، تۇرمۇشنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىشكە ئىنتىلىدىغان، ئادالەتسىزلىككە قارشى كۈرەش قىلىشنىڭ يولىنى بىلگەن بىر ئىنقىلاپچى سۈپىتىدە كۆرىمىز.

ئىلەمنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدە روس ئىشچىسى سىرگىي ئاساسلىق رول ئوينايدۇ. ئۇ ئىلەمگە ئىنقىلاپنىڭ داۋلىلىرىنى چۈشەندۈرۈپ، ئاڭ-سېزىمىنى يۇقىرى كۆتۈرگەندىن باشقا، لاشماللىقتا تەشكىللىگەن مەخپىي ئىنقىلابىي ھەركەتلەرگە قاتناشتۇرۇپ چىنىقتۇرۇش ئارقىلىق، بىر ئاڭلىق ئىنقىلاپچى قىلىپ يېتىلدۈرىدۇ.

ئەسەردە يەنە سەلبىي قەھرىمانلارنىڭ ۋەكىلى سوپىتىدە سايىتباي ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ھىممىتىنىڭ ئوبرازى يارىتىلغان بولۇپ، ئاپتور ئۇلارنى سۈرەتلىگەندە ئايرىم خاراكتېر بېرىپ ئولتۇرمىغان، بەلكى ئۇلارنىڭ سۆز-ھەركەتلىرى ئارقىلىق ئۇلارنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى رەزىللىكلىنى ئېچىپ تاشلىغان. مەسىلەن: ھىممىت «دۇنيانىڭ ئاساسىي تىرىكى-پۇل» دەپ قارايدۇ. شۇڭا ئەسەردە ئۇ ئۆز سۆز ھەركىتى ئارقىلىق ئىنسانىي خىسلەتتىن تامامەن مەھرۇم بولغان، ھەر قانداق پەسكەشلىكلەرنى قىلىشتىن يانمايدىغان رەزىل مەخلۇق قىلىپ كۆرسىتىلىدۇ.

ئەسەرنىڭ ئەڭ مۇھىم ئۇتۇقلىرىدىن بىرى شۇكى، يازغۇچى كومپوزىتسىيىلىك قۇرۇلۇشقا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىپ، ئۇنى چېۋەرلىك بىلەن ئورۇنلاشتۇرغانلىقتىن، لاشمانلىقتىن ئىبارەت بىر قىسىم تارىخىي ۋەقەلىكنى، شۇنداقلا تارىختىن بۇيان شەكىللەنگەن ھۆكۈمران سىنىپلار بىلەن قارام تەقدىرگە بوي سۇنغۇچى ئەمگەكچى خەلق ئوتتۇرىسىدىكى ئادالەتسىزلىكنى ۋە ئادالەتسىزلىككە قارشى تۇرۇش ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەشنى ئىلەم ۋە ئۇنىڭ ئايالى جانەم بىلەن گايىتباي، روزاخۇن، سايىت ئىماملار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت توقۇنۇشى ئارقىلىق رېئال ئاساستا يېشىپ كۆرسىتىپ بەرگەن. بۇ ھەقىقەتەن ئۇستىلىقتۇر.

يازغۇچى ئەسەرنىڭ سيۇژىتىنىمۇ شۇنداق چاققان، ئەپچىل، ھەرىكەتچان قىلىپ ئورۇنلاشتۇرغانكى، ئۇنىڭدا بىر ۋەقە ئىككىنچىسىگە باغلىنىپ، بىرىدىن ئىككىنچىسى چىقىپ، تەبىئىي رەۋىشتە راۋاجلىنىپ، بالداقمۇ-بالداق ئۆرلەپ ماڭغانلىقتىن، كىتابخان بىردەممۇ زېرىكىش ھېس قىلمايدۇ.

مەسىلەن: پوۋېستىنىڭ بېشىدا تېنىچ ھايات كەچۈرىۋاتقان مەھەللىنىڭ بېشىدىن قىقاس-چوقان كۆتۈرۈلۈپ، يېزىنى تەۋرىتىپ، ئىتلارنى ھۈركۈتۈپ توختاخۇن ئەللىك بېشى كىرىپ كېلىدۇ-دە ، يېزىغا ئۇلۇغلارنىڭ كېلىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىنلا تېنىچ ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان خەلقنىڭ ھاياتىدا بىردىن ئەنسىزلىك باشلىنىپ كېتىدۇ. ئوقۇرمەنلەرنىڭ روھىي كەيپىياتىمىزمۇ جىددىيلىككە ئۆتىدۇ. ئۆزىمىزمۇ تۇيمىغان ھالدا ئەسەردىكى ۋەقەلىك ئارىسىغا تەبىئىي شۇڭغۇپ كېتىمىز.

يازغۇچى ئەسەردىكى زىددىيەت توقۇنۇشىنىمۇ شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن كەسكىنلەشتۈرۈپ، شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن رېئال قىلىپ يەشكەن.

مەسىلەن: لاشمانلىقتىن قايتقان ئىلەم كۆپ مۇشەققەتلەرنى يېڭىپ مەھەللىگە يېقىنلاپ كەلگەندە، ئۇ ياللىغان ھارۋىنىڭ ئوقى سۇنۇپ كېتىپ، ھارۋا يولدا توختاپ قالىدۇ. بۇ چاغدا مەھەللىدە جانەمنىڭ تويى تاماملىنىپ، ھىممىت بىلەن نىكاھى ئوقۇلۇش ئالدىدا تۇراتتى. بۇنى ئۇققان ئىلەم دەرھال ئىشنىڭ ئۇستىدىن چۈشۈپ، ۋاپادارى جانەمنى ھىممىتنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلدۇرۇۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە ھىممىتنىڭ پۈتۈن ئالدامچىلىقلىرى، قۇۋلۇق-شۇملۇقلىرى ئېچىپ تاشلىنىدۇ.

پوۋېستىنىڭ تىلى ھەققىدە بىر قانچە ئېغىز سۆز ئېيتىپ ئۆتۈش لازىمكى، يازغۇچى بۇ ئەسەرنى يېزىۋاتقان ۋاقتىدا ، ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى تېخى يېڭىلا قېلىپلىشىشقا قاراپ مېڭىۋاتقان دەۋر ئىدى. بۇ دەۋردە چىققان ئەسەرلەرنىڭ كۆپىنچىسىدە تىل گۈزەللىكىدىن توغرا پايدىلىنالماسلىق ، ئورۇنسىز سۆزلەرنى ئىشلىتىپ پېرسوناژلار تىلىنى سۇئىئىلەشتۈرۈپ قويۇۋېتىشتەك ئىللەتلەر مەۋجۇت ئىدى. يازغۇچى پوۋېستىدا بۇ خىل ئىللەتلەردىن خالىي بولۇپ، خەلق ماقال-تەمسىللىرىدىن، ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلاردىن ئورۇنلۇق پايدىلانغان.

لېكىن، ئۇتۇق بار يەردە مەغلۇبىيەت بولىدىغاندەك، يازغۇچى بۇ ئەسەردە ئەينى ۋاقىتتىكى ئەدەبىياتتا ئورتاق بولغان بىر قىسىم يېتەرسىزلىكلەردىن تاشقىرى، تاللىۋالغان ۋەقەلىكلەرنىڭ مۇھىملىقى بىلەن مۇھىم ئەمەسلىكىگە، مۇھىم بولغىنى بىلەن مۇھىم بولمىغىنىغا سەل قاراپ، قارا-قويۇق تەسۋىرلەپ كېتىۋەرگەنلىكتىن، باش نۇقتىغا مەلۇم نۇقسان يەتكەندىن باشقا، باش قەھرىمانلار بىر چەتتە قالىدىغان ئەھۋاللارمۇ يۈز بەرگەن. شۇنداق بولسىمۇ بۇ ئەسەر ئۇيغۇر پىروزىسىنى كىچىكلىكتىن چوڭلۇققا قاراپ تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ تۇنجى ئۇتۇقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئەسەرنى تەييارلىغۇچى: يوسۇن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# باي قەلەندەر

(ھېكايە)

زۇنۇن قادىرى

مەن 16 ياشقا كىرگەن يىلى تاغام قۇملۇق مەھەللىسىدە قۇغۇن-تاۋۇز تېرىغانىدى. يازلىق تاۋۇزى خېلى ئوخشىدى. ئۇنى شەھەرگە ئەكىرىپ سېتىپ بېرىش ئۈچۈن تاغام مېنى تاۋۇز باسقان ھارۋىنى ھەيدەشكە تۇتۇۋالدى:

— مەن چوڭ كۆۋرۈك يېنىدىكى باققال قاۋۇل ئاخۇن بىلەن سۆزلىشىپ قويدۇم، بۇ تاۋۇزنى ئۇدۇل شۇنىڭ دۇكىنىغا ئاپىرىپ چۈشۈرۈپ بەر، — دەپ ئىرگىلو ھارۋىغا يۈز تاۋۇز بېسىپ بەردى.

تېخى تاڭ سۈزۈلمىگەنىدى. تاغام ھارۋىنى قېتىپ مېنى شەھەرگە يولغا سالدى. مەن بۇ يولدا خېلى كۆپ ماڭغىنىم ئۈچۈن قورقماي ھارۋىنى ئىتتىكلەتتىم. چوڭ يولغا چىققاندا تاڭ سۈزۈلۈشكە باشلىدى. يۈزۈمگە تاڭ شاملى ئۇرۇلدى، مۈگدەك باسقان كۆزلىرىم ئېچىلىپ، ھارۋىنى تېخىمۇ ئىتتىك ھەيدەشكە باشلىدىم.

شەھەرگە ئىككى چاقىرىمچە قالغاندا، يېرىلغانىيار دىگەن يەرگە بارغىنىمدا، تورغات مىنىپ قولىدا سېمىز بىر كۆكئاتنى يېتەكلىگەن، ئۇستىگە خەندە پەرىجە، بېشىغا توقۇما كۇلا كىيگەن، چېچى يەلكىسىگىچە چۈشكەن سېرىق ساقاللىق قەلەندەر ئاشىق ئاتلىرىنى يورغىلىتىپ كېلىپ ھارۋامنىڭ يېنىدا توختىدى-دە:

— سەدىقە بالانى يەر، تۇۋا گۇناھنى يەر، ھەي ياخشى ئوغۇل، تاۋۇزۇڭدىن بىر-ئىككىنى بەر، — دەپ ئىككى قولىنى كۆتۈردى.

— بۇ ساناقلىق 100 تاۋۇز، بىز بىرى بىلەن سۆزلىشىپ قويغان. ئۇ بۇ تاۋۇزدىن بىرى كەم چىقسا ئالمايدۇ، — دېدىم چۈشەندۈرۈپ.

— غەۋسىلئەزەم ھەققىدە بەرسەڭ ھەرگىز كەم بولمايدۇ، مانا بۇنى بەر، — دەپ قامچىسىنىڭ سېپى بىلەن ھارۋىنىڭ ئالدىدىكى يوغان بىر تاۋۇزنى تۈرتۈپ كۆرسەتتى. مەن قولۇمدىكى تايىقىم بىلەن قامچىسىنى ئىتتىرىۋېتىپ:

— ياق-ياق، بەرمەيمەن، — دەپ ئاتنىڭ بېقىنىغا بىرنى ئۇرۇپ، ھارۋىنى ھەيدەپ كەتتىم. قەلەندەر قامچىسىنى پۇلاڭلىتىپ ئېتىنى دېۋىتىپ كەلدى-دە:

— سېخى جەننەتى، بېخىل دوزىخى، بەرمەمسەن؟

— دېدى ۋارقىراپ.

— بەرمەيمەن، — دېدىم ئۇنىڭ كۆزىگە قادىلىپ.

— بېخىل بەدبەخت، بەرمىسەڭ مانا ئەمسە،

— دەپ ئۈستى بېشىمغا قامچا بىلەن بىرمۇنچە ئۇرۇۋەتتى. مەن يەرگە چۈشۈپ يىغلاپ يۈرۈپ ئۇنىڭغا چالما ئاتتىم. زومىگەر قەلەندەر مېنى ئاتلىق قوغلاپ يۈرۈپ يەنە بىرنەچچە قامچا ئۇرۇۋەتتى ۋە بىرنەچچە تاۋۇزنى چېقىۋەتتى. ئۇ يىراقتىن كېلىۋاتقان كىشىلەرنى كۆردى-دە، ئات سالدۇرۇپ يېزىغا قاراپ كېتىپ قالدى.

مەن نىمە ئۈچۈن ئۇنىڭغا بىرمۇ تاۋۇز بەرمەي تاياق يېدىم. ئۇ مېنى تونۇمىغىنى بىلەن مەن ئۇنى تونۇيتتۇم. ئۇنىڭ قارا دۆڭدىكى قەلەندەر مەھەللىسىدە خېلى ئوبدانلا بەش-ئالتە ئېغىز ئۆيلۈك گۇلزارلىق بىر ھويلىسى، ئىككى ئېشەك، بىرنەچچە بورداق قوي ۋە سېمىز ئىككى ئېتى بارئىدى. ئۇنىڭ ئىككى خوتۇنى قوللىرىغا ئالتۇن ئۈزۈك، قۇلاقلىرىغا

ئالتۇن هالقىلارنى سېلىپ پۇزۇر يۈرۈشەتتى. قەلەندەر هويلىسىدا يوغان بىر ئۆيىنى مەيدانخانا قىلىۋالغان. مەيدانخانا دېگىنىمىز، قاپاق چىلىمدا نەشە چېكىدىغان ئورۇن، بۇ يەردە هەركۈنى ئۆزىگە ئوخشاش ئاشىق دەپ ئاتالغان نىشەخورلار ۋە باشقا بەڭگىلەر توپلىنىپ نىشە چېكىشەتتى. ئۇلار كۆپىنچە ئازنا كۈنلىرى توپلىشىۋېلىپ مۇقام مەشرەپلىرىنى مەشىق قىلاتتى. ئاندىن كېيىن رامىزان ئېيىدا بىر ئايغىچە مەهەللە-مەهەللىلەردە گۆلخان يېقىپ، تاڭ ئاتقۇچە مەشرەپ ئوقۇپ، مەهەللە جامائەتلىرىدىن بىرمۇنچە نەرسىلەرنى يىغىۋالاتتى. بىز ياش باللار مەشرەپ ناخشىلىرىنى ئاڭلاش ئۈچۈن، قارا دۆڭ ۋە روشەن باغلارغا چىقىپ تۇراتتۇق. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەن بۇ قەلەندەرنىڭ ئەهۋالىنى بىلەتتىم. شۇ سەۋەپتىن مەن بۇ سىرىق ساقال هارامتاماقتا تاۋۇز بەرمىگەن ئىدىم. ئەمما ئۇ مېنى تونۇماي كىچىك كۆرۈپ، يۈزىدىكى ئەۋلىيا، ئاشىق، بىچارە، قەلەندەرلىك نىقابىنى قايرىپ قويۇپ، بوزەك قىلغان ئىدى. بىراق مەنمۇ كېيىن ئۇنىڭدىن كېلىشتۈرۈپ ئىنتىقامىمنى ئالدىم.

بۇ ۋەقە مۇنداق بولغانىدى. كۈز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، مەن قۇملۇق مەهەللىسىدە تۇلۇق ھەيدەپ يۈرگەندە مېنى قامچىلىغان هېلىقى سىرىق ساقاللىق قەلەندەرنىڭ مەهەللىنىڭ كۈن چىقىش تەرىپىدىن كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم. ئۇ خامانلاردىن ئالغان بىرتاغار بۇغدىيىنى تورغىتىغا، خەقلەردىن يىققان يېرىم تاغارچە نىىنى يىپتەكلىكتىكى كۆك ئېتىغا ئارتىپتۇ. مەن دەرهال قورۇق تاملاردىن ئارتىلىپ يۈگۈرگەن پېتى قوشنىمىز زوراخۇننىڭ ئوغلى-ئاغىنەم نۇرۇزنىڭ يېنىغا باردىم-دە، هېلىقى ئاشىقنىڭ مەهەللىگە كەلگەنلىكىنى ئېيتتىم. ئۆتكەندە مەن ئۇنىڭغا بۇ ئاشىقنىڭ مېنى بوزەك قىلغانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەندە پىرىزخان مومايىنىڭ بۇ نەۋرىسى: «خەپ، بىر كۈنى قولغا چۈشسە سېنىڭ ئۆچۈڭنى ئېلىپ بېرىمەن» دېگەنىدى. نۇرۇز مەندىن ئىككى ياشلا چوڭ، ئەمما بەك قورقماس، قاۋۇل بالا ئىدى. بىز نۇرۇزلارنىڭ هويلىسىدا كالتەك تۇتۇپ ماراپ ئولتۇردۇق.

— هەي شەيدىبىئىللا، قەلەندەر كەلدى، بالا كەلمىسۇن هەرقايسىلىرىغا، سەدىقە بالانى يەر، تۇۋا گۇناهنى يەر، ئاتىغىنىڭلارنى بەرگەيسىلەر، — دەپ هويلىنىڭ ئوتتۇرىغا كەلگەندە، مەن سۇپىنىڭ يېنىدىكى قارىغاچنىڭ ئارقىسىدىن سەكرەپ چىقىپ:

— مانا ساڭا ئاتىغىنىمىز، — دەپ كالتەكنى تەڭلەپ ئالدىغا باردىم. ئۇ مېنى تونۇپ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى. نۇرۇز كېلىپ كالتەك بىلەن ئۇنىڭ غولىغا بىرنى ئۇرۇپ، ئاتىنىڭ چۇلۋۇرىنى قولىدىن تارتىپ ئالدى.

— تۆرەم باللىرىم، مېنىڭ نېمە گۇناهىم بار، مەن غەۋسىل ئەزەم نىڭ مۇرىتى، پېقىر ئاشىقمەن، — دەپ يالۋۇردى.

— هەي زومىگەر، سەن قانداق ئاشىق بولىسەن، سەن مېنى يېرىلغانىياردا بولاپ ئۇرغىنىڭنى بىلمەسەن، بولاڭچى ئوغرى، — دەپ ئۇنىڭ ئەۋلىيالارنى شىپى كەلتۈرۈپ يالۋۇرغىنىغا قارىماي، قارا ياغاچقا باغلاپ قويدۇق. ئۇ بىرنىملەرنى ئوقۇپ ۋارقىراۋەرگەندىن كېيىن مەهەللىدىكى كىشىلەر يىغىلىپ، ئاخىرى ئۇنى قويدۇرۇۋەتتى. بىز ئۇنىڭ بىر تاغار بۇغدىيىنى ئۆزىگە قالدۇردۇق، يېرىم تاغار نىىنى شۇ مەهەللىدىكى ئىككى يېتىم باللىسى بار بىر كەمبەغەل تۇل خوتۇنغا ئاپىرىپ بەردۇق. باي قەلەندەر بولسا بىزدىن قۇتۇلغىنىغا خوش بولۇپ نانمۇ تىلىمەي، شەهەرگە قاراپ بەدەر قاچتى.

كەتمەننى بەك چېپىك،
باغدا ئېچىلسۇن تەكلىك.
تاشنى قاتتىق ئېتىك،
تاغدا يىقىلسۇن كەكلىك.

ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىلى

www.uyghurkitap.com



# تورىماس چېچەكلەر

## ئەھمەد زىيائى ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت پائالىيەتلىرى توغرىسىدا

هاجى ئەخمەت

(بېشى ئۆتكەنكى ساندا)

3

50 ـ يىللاردىن باشلاپ شائىرنىڭ هايات يولىدا دۇچ كەلگەن ئەگرى توقايلىق ۋە دىشۋارچىلىقلار ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت پائالىيىتىنىڭ پات ـ پات ئۈزۈلۈپ قېلىشىغا سەۋەبچى بولدى.

ئەھمەد زىيائى 1953 ـ 1955 يىللىرى ئارلىقىدا ئۆزىنىڭ ئىغىر شارائىتتا تۇرىۋاتقانلىقىغا قارىماستىن قەشقەرنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ۋالىسى سەيپۇللايۇپنىڭ قوللاپ قۇۋۋەتلىشى بىلەن ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇت قەشقەرىنىڭ يېتۈك ئەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى تەرجىمە قىلىشقا كىرىشىپ، ئىككى يېرىم يىل جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرۈش نەتىجىسىدە بۇ ئىشنى غەلبىلىك تاماملىدى. تەرجىمىدە «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ مىسىردا بېسىلغان قاھىرە نۇسخىسى ئاساس قىلىنغان بولۇپ، بىر بەتكە ئەسلى نۇسخىسى كۆچۈرۈلۈپ، يەنە بىر بەتكە هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى تەرجىمىسى بېرىلگەن ئىدى. ئەپسۇس، 10 يىللىق قالايمىقانچىلىق مەزگىلىدە شائىرنىڭ قان تەرى سىڭگەن بۇ شاھ ئەسەرنىڭ قول يازما تەرجىمىسى ئىز ـ دېرەكسىز يوقىلىپ كەتتى.

ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەت بىرلەشمىسىدە ئىشلىگەن 1957 ـ 1960 ـ يىللىرى ئارلىقىدا ئەھمەد زىيائى يەنە ئەدەبى ـ ئىلمى ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشىپ، نىزارىنىڭ «رابىيە ـ سەئىدىن»، مۆللا شاكىرنىڭ «زەپەرنامە» داستانلىرىنى نەشرگە تەييارلاپ، ئوقۇرمەنلەرنى كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ نادىر ئۆلگىلىرىدىن بەھرىمەن بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. «سايرا»، «نەي ساداسى» قاتارلىق شېئىرلارنى يازدى.

ئۇ 1957 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر 1 ـ قۇرۇلتىيىدا ئىلمىي دوكلاد بېرىپ، «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى توغرىسىدا» ناملىق ئىلمىي ماقالىسىدا ناۋائىي، لۇتفى، سەككاكى... قاتارلىق ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ داڭلىق ۋەكىللىرىنى تونۇشتۇرۇپ «شىنجاڭ گېزىتى»دە ئېلان قىلدى. ئۇ يەنە يۈسۈپ خاس هاجىپنىڭ شاھ ئەسىرى «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ دەسلەپكى 10 باپ نەسرى يەشمىسىنى ئىشلەپ چىقتى. 1958 ـ 1959 ـ يىللىرى ئارلىقىدا شائىر «رابىئە ـ سەئىدىن» ناملىق داستاننى يېزىشقا

* «قەشقەر ئەدەبىياتى» 1985 ـ يىللىق 1 ـ ساندىن ئېلىندى.

كىرىشىپ، 12 بابىنى تاماملىغان ئىدى، لېكىن يېزىپ تاماملانمىغان بۇ ئەسەر كېيىنكى يىللاردا شائىر بىلەن بىللە پالاكەتچىلىككە ئۇچرىدى. 20 يىل داۋاملاشقان سەرسانچىلىقتىن كېيىن، ياشانغان شائىر قايتا يوروۇقلۇققا ئېرىشىپ، ئەڭ ئاخىرقى كۈچ ۋە زېھنىي قۇۋۋىتىنى يىغىپ، يەنە ئەدەبىي-ئىلمىي پائالىيىتىنى داۋاملاشتۇرۇشقا كىرىشتى. 1980-يىلدىن كېيىنكى بىر نەچچە يىل مابەينىدە شائىرنىڭ ياراتقان مول ئەمگەك مېۋىلىرى ھەققەتەنمۇ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ.مۇشۇ يىللاردا ئۇ باشقا تەتقىقاتچىلار بىرلىكتە» قۇتادغۇ بىلىك«نىڭ نەزمىي يەشمىسىنى تەييارلاش خىزمىتىگە قاتناشتى. «كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ قەدىمىلىكى ۋە ئۇنىڭ چەت تىللارنىڭ تەسىرىگە ئۇچراش جەريانى»، «تارىخىي مىراس ‹قۇتادغۇ بىلىك› توغرىسىدا» مۇھاكىمە ۋە بايان» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازدى. «رەۋزە تۇست سافا» (دوستلار گۈلىستانى)، «بۈيۈك ھۇن ئىمپىراتورلىغى تارىخى»، «ئىسلام پەلسەپە تارىخى»، «قۇتادغۇ بىلىك ئىنجۇمەلىرى»، «قۇتادغۇ بىلىك ئىندېكسى» قاتارلىق كىتابلارنى پارس تىلى ۋە تۈركچىدىن تەرجىمە قىلدى.

ئەھمەد زىيائى 1984-يىلى 5-ئايدىن باشلاپ «رابىيە-سەئىدىن» ناملىق شېئىرىي رومانىنى يېزىشقا كىرىشكەن ئىدى. يېرىم يىلغا يەتمىگەن ۋاقىتتا 51 بابتىن تۈزۈلگەن، 10 مىڭ مىسرادىن ئارتۇقراق ھەجىمدىكى بۇ ئەسەرنى يېزىپ تاماملىدى. ئۇنىڭ 19-ئەسىرنىڭ 30-يىللىرى قەشقەر يېڭىشەھەرگە قاراشلىق كۆكچى يېزىسى سۇبھانالла كەنتىدە بولۇپ ئۆتكەن بىر تارىخىي ۋەقە ئاساسىي ماتېرىيال قىلىنىپ، سەئىد بىلەن رابىيەدىن ئىبارەت ئىككى ياشنىڭ مۇھەببەت پاجىئەسى تەسۋىرلىنىش ئارقىلىق، 19-ئەسىردىكى ئۇيغۇر يېزىلىرىنىڭ تۇرمۇشى ۋە شۇ دەۋرنىڭ ئىجتىمائىي رېئاللىقى ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ.

ئەھمەد زىيائى 1984-يىلى 10-ئايدا «رابىئە-سەئىدىن» ئەسىرىدىكى قىسمەن بوشلۇقنى تولدۇرۇش مەقسىتىدە، قەشقەرگە كېلىپ، سۇبھانالла كەنتىگە بېرىپ، رابىئە-سەئىدىننىڭ قەۋرىسىنى زىيارەت قىلدى ۋە شۇ يەرلىك پىشقەدەملەر بىلەن سۆھبەتلىشىپ، كېرەكلىك ماتېرىياللارنى ئىگەللەپ قايتىپ كەتتى. ژۇرنىلىمىزنىڭ بۇ سانىدا شائىرنىڭ «رابىيە-سەئىدىن» ئەسىرىگە كىرگۈزۈلگەن غەزەل ۋە مۇخەممەسلەردىن بىر قىسمىنى تونۇشتۇرۇدۇق.

# غەزەل ۋە مۇخەممەسلەر

## غەزەللەر

1

گۈزەل قىز كۆڭلىنى باستى ئۆزى بىلمەيدىغان بىر غەم،
ۋۇجۇدى گۈلشىنىنى چەيلىدى قىلدى تامام بەرھەم.

ئېلىپ بىر زەئىپارنى تۇس، سولاشتى ئەرغىۋانى يۈز،
مۇھەببەت يۇكىنىڭ ئاستىدا بولدى سەرۋ قەددى خەم.

ئېقىپ نەرگەس كۆزىدىن گۈل يۈزىگە قەترە-قەترە ياش،
قىزىل گۈل بەرگىگە ئانداغكى چۈشتى دانەئى شەبنەم.

دىلىدە ئوت، كۆزىدە ياش ۋە لېكىن شۇ ئاجايىپكىم،
بۇ ئوتنىڭ يالقۇنى ئارتتى، قۇيۇلغان سىرى كۆزىدىن نەم.

كېچەك زۈلفىغە ئوخشاش كۆڭلىغە مىڭ-مىڭ تۇگۈن چۈشتى،
قەيەردە بىر تېپىپكىم ئەيلەسە دىل دەردىگە مەرھەم...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بولۇر ھەر دەرتكە بىر دەرمان ۋە لېكىن ئىشق دەردىگە،
مەشۇقتىن باشقا ئەمچىدىن ئۇنىڭغا بولمىغاي بىر ئەم.

يېتەمدۇ يار ۋەسلىگە، كېتەمدۇ ياكى ئەرماندا،
مۇھەببەت ئەھلىگە بۇ سىر ئىرور سىرلەر ئارا مۇبھەم.

2

مېنى خوش تالئىم سۆيگۈلۈك ئارا بۇ كويغا سالغانمۇ،
سېلىپ سۆيگۈگىنى كۆڭلۈمگە، ئۇنىڭغا يار بولغانمۇ.

سەبى كۆڭلۈم ئاجايىپ ئىزتىراپ ئىچرە كۆيەر دائىم،
كۆڭۈل كۆزگۈسىدە ئەكسىلك جۇلاسى راستمۇ ـ يالغانمۇ.

بۇ قاشمۇ، يا يېڭى ئاي، ياپراق بەرگى ۋە ياكى يا،
مېنىڭ بۇ ياش دىلىمنى ئاتقىلى بەللەپ قويۇلغانمۇ.

ئىرور كىرپىكلىرىڭنىڭ ھەر بىرى بىر ئوق ھىلەك قىلغۇچ،
ئېتىلغاندا بۇ ئوقلار، ئاشقىنىڭ ئۈندىن قۇتۇلغانمۇ.

قىلۇرسەن بىر قاراش بىرلە كۆڭۈللەرنى ئۆزۈڭگە سەير،
بۇ كۆزمۇ ياكى نەرگەسمۇ، يا تاتلىق ۋاقتىدا چولپانمۇ.

يۈزۈڭ بىر ئايمۇ ياكى كۈن، ئېچىلغان ياكى سەھەردە گۈل،
گۈزەللىك گۈلشىنى ئىچرە سېنىڭدەك گۈل ئېچىلغانمۇ.

قىزىل ياقۇت لېبىڭ يا لەئىل، قىزىللىقلەر نەدۇر ئوندا،
مەگەر ئاشىقلىرىڭنىڭ قانلىرى بىرلە بويالغانمۇ.

نەفىس خۇش لەبلىرىڭ ئىچرە، تىشىڭ ئۇ نەدىگەن ئاپپاق،
نەدۇر ئۇ؟ تىشمۇ، يا ئۈنچى ۋە ياكى دۇررى غىلتانمۇ.

كۆرۈپ ئاغزىڭنى، كۆڭلۈم تارتتى ھەسرەت ئىچىدە فەرياد،
ئىرۇرمۇ پىستە يا نۇقتە ۋە يا غۇنچە ئېچىلغانمۇ.

نەدۇر ئۇ ساچمۇ يا ئەنبەر ۋە ياكىم يەلپۈنەر سۈنبۈل،
كۆڭۈل قۇشىنى ئاۋلاشقا تۇزاق قىلىنىپ يارالغانمۇ.

ئەجىب نازۇك بەدەنسەن، سەرۋى قەددىڭگە جاھان ھەيران،
فەرىشتەدۇرمۇ سەن ياكى فەرىمۇ، ياكى ئىنسانمۇ.

3

مۇھەببەت نۇرى دىل ئايىنەسىدە ئەكس قىلغاندا،
ئەقىل ـ ئىدراك پۈتۈنلەي تۈيغىدىن خالى قالۇر ئۇندا.

قولدىن ئىختىيارنىڭ تىزگىنى كەتكەي چىقىپ ئاخىر،
خىيالنىڭ ئاغمىقىنى باشقۇرالماي تازا چاپقاندا.

ماڭار يولنى كۆرمەكتىن قالۇر ئەقىل ئۆزى ئاجىز،
نىچوككىم خىرە بولغاي كۆز قۇياش نۇرىغا باققاندا.

ئىشقىنىڭ سىرىنى ھۇشنىڭ كۆزى بىرلە تاماشا قىل،
كېلىپ پەرۋانە ئۆزى چىراغ نۇرىغا ئۇرغاندا.

ئەقىل ھەيران بولۇر سۆيگۈ ئەسرى بۇ كىچىك مەخلۇق،
پىرىلداپ ئايلىنىپ شەمئىنى، ئۆزىنى ئوتقا ياققاندا.

ھەقىقى چىن مۇھەببەت بولسا ئەزىز سۆز ئاچقاندا،
قەلەم تەڭلىك چىكەر يالغان مۇھەببەتتىن سۆز ئاچقاندا.

## مۇخەممەس

دىل ئەينىكىدە جىلۋە بىلەن ئەتتى ئەكس يار،
ھۆسنۈ-جامال گۈلى بىلەن تولغان لالە زار،
كۆرگەچ كۆڭۈلدە قالمىدى ھېچ سەبىر ئىختىيار،
قانداق نەپىس گۈزەللىك ئىرۇر بۇ؟ دىدىم، دېدى:
بولساڭ ئەگەر بۇلبۇلى ئىشق باھارنىڭ ئىرۇر سېنىڭ.

مەن مەست بولۇپ ئۈنىڭكى جامالى شارابىغە،
ئىچكەنسىرى يولۇقتۇم خۇمارى ئازابىغە،
گويا سىپىلدى تۇز ئۆزى كۆڭلۈم كاۋابىغە،
قانمايدىغان ئېچىسە يۈرەك، نەمەيدۇر دىدىم؟ دېدى:
قاندۇرمىغان مەيىمگە خۇمارىڭ ئىرۇر سېنىڭ.

رەھىم ئەت ماڭا، قاچانغىچە ساڭا تەلمۈرەي،
ئاشۇپتە ھال، تەلۋە بولۇپ چۆل ئارا يۈرەی،
سەندىن ئۈمىد قانداق قىلىپ ئەندى مەن ئۈزەي،
بىلمەيمەن قايسى ھالغا چۈشۈپمەن؟ دىدىم، دېدى:
ئىشق ئەھلى سەن مۇشۇ ھال شۇئارىڭ ئىرۇر سېنىڭ.

دانە يۈزدە خال، ساچلىرى توزاق،
ئازاد كۆڭۈللەردۇر ئەسرى ئۈنىڭ بىراق،
تۇتقۇنلىرىن ئۆلتۈرەدۇر، يوق ئۇڭا سوراق،
قىلسا كىشى مۇشۇنداق بولامدۇ؟ دىدىم، دېدى:
ئارى بولۇر، كويۇم مازارىڭ ئىرۇر سېنىڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# قۇمتۇرا چۈشى

## ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتىنىڭ «ئانامنىڭ ئەسلىمىلىرى» ناملىق توپلىمى ھەققىدە

ئەسەد سۇلايمان (ئامېرىكا)

كۇچادىكى «قىزىل قاغا» تۇراسىنىڭ چوقچىيىپ تۇرغان قەدىمىي گەۋدىسى يىراق-يىراقلاردىن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. تارىم قۇياشى ھەر كەچقۇرۇن ئۇپۇق سىزىقىغا باش قويغىنىدا «قىزىل قاغا» تۇراسىنىڭ قىزغۇچ رەڭگە بويالغان قامىتى ئىنسان تەسەۋۋۇرىنى بوگۈننىڭ قوينىدىن تارىخنىڭ ئۇزاق ئېقىمىغا ئېلىپ كېتىدۇ. ئىككى كۆزىڭىزنى يۇمۇپ، كۆڭلىڭىزنى كۆزگە ئايلاندۇرغان شۇ دەقىقىدە يىراقتىن كېلىۋاتقان تۆگە كارۋىنىنىڭ كولدۇرما ساداسىنى، قىزىل مىڭ ئۆيلىرىدىن ئاڭلىنىۋاتقان سىرلىق تىنىقلارنى، ئۇدۇن شاھزادىسى فەرھادنىڭ كۈسەن مەلىكىسى شىرىن ئۈچۈن تاغ قىيالىرىنى چېپىپ قىزىل دەرياسىنى ئېچىۋاتقانلىقىنى، كومراجىۋانىڭ بارماقلىرىدىن تاراۋاتقان مۇڭلۇق كۈسەن كۈيلىرىنى، قاراخانىلار قوشۇنى بىلەن ئىدىقۇت قوشۇنلىرىنىڭ كۇچا ئەتراپىدىكى قانلىق ئۇرۇشلىرىنىڭ شاۋقۇنلىرىنى، ئىسلام ئېچىپ شەرققە يۈرۈش قىلغان تۇغلۇق تۆمۈرخان ئەسكەرلىرىنىڭ سۈر-ھەيۋىسىنى، راشىدىن خوجانىڭ كۇچا سېپىلى ئۈستىدە ئايلىنىپ يۈرگەن سىيماسىنى، موللا مۇسا سايرامىدىن نىمشىبھتىقىچە بولغان ئىلىم ھەۋەسكارلىرىنىڭ كۇچا ساقساق مەدرىسىدىكى ئۇنتۇلماس ھاياتىنى، كومزەك كۆتۈرگەن گۈزەل كۇچا قىزىنىڭ مارجانبۇلاق بويىدا ئېيتقان «مىراجىخان» ناملىق ناخشىسىنى ئاڭلايسىز!...

مانا بۇ ئانا ۋەتىنىمىزنىڭ كۇچا دىيارىدا ئەسىرلەر بويى داۋاملىشىپ كەلگەن، تارىم دەرياسىنىڭ يېنىك شاۋقۇنلىرى بىلەن تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ چەكسىز سۈكۈناتى ھەمراھ بولغان مەڭگۈلۈك كۈي. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ بوران-چاپقۇنلۇق 60-يىللىرىدا كۇچا دىيارىدا تۇغۇلغان بىر بوۋاق ئەمدىلا ئىككى ياشقا كىرگىنىدە ئاتا-ئانىسى بىلەن بىللە تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى كۈنەس ناھىيەسىگە «سۈرگۈن» قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئالتۇنرەڭ بالىلىقى كۈنەسنىڭ ئارالتۆپە يېزىسىدا ئانىسى بىلەن بىللە يۇرتىنى سېغىنىش ۋە كۈتۈش ئىچىدە ئۆتىدۇ. ئۇ 14 ياشقا كىرگەن يىلى، يەنى 1982-يىلى ئارالتۆپىدىن ئايرىلىپ يۇرتى كۇچاغا قايتىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ تاكى 1985-يىلى سابىق قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىغا ئوقۇشقا ماڭغىچە بولغان 3 يىل جەريانىدا ئانا يۇرتى كۇچادا ھاياتىدىكى ئەڭ گۈزەل ۋە ئۇنتۇلغۇسىز چاغلىرىنى ئۆتكۈزىدۇ. بۇ ئۇنىڭ ھاياتىدىكى «سۈرگۈن» دىن خالىي، «ياقا يۇرت» لارنىڭ غۇربەتلىرى ئۇنتۇلغان، ئانا يۇرتىنىڭ خوشلۇقلىرىدىن قانغۇچە ھوزۇرلانغان يىللار ئىدى. 1990-يىلى قەشقەر پېداگوگىكا

* بۇ ماقالە ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتىنىڭ «ئانامنىڭ ئەسلىمىلىرى» ناملىق توپلىمىنىڭ، تونۇشتۇرۇش قىسمىدا ئېلان قىلىنغان.

ئىنىستىتۇتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن بۇ ياش يىگىت ئۈرۈمچىگە تەقسىم قىلىنىپ، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سودا-سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلەيدۇ. ئەينى يىللىرى سەرخىللار توپلانغان، ئۇيغۇر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ دېموكراتىيە ۋە مىللىي ھوقۇق پائالىيەتلىرى كۈچەيگەن شۇنداقلا يېڭى ئەۋلاد ياش قەلەمكەشلەرنىڭ ئىجادىيەت قىزغىنلىقى ئوخچۇپ تۇرغان ئۈرۈمچى شەھىرىدە بۇ ياش يىگىت ھاياتىنىڭ يېڭى بەتلىرىنى ئاچىدۇ. 1989-يىلىدىن ئاۋۋالقى ئاز كەم ئون يىل داۋاملاشقان «ئىسلاھات» ۋە «ئېچىۋېتىش» دولقۇنى گەرچە تيەنئەنمېن ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىنىڭ قانلىق باستۇرۇلۇشى بىلەن پەسكۇيغا يۈزلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن ئاشۇ قىسقىغىنا دەۋر ئېلىپ كەلگەن مەنىۋىي ئويغىنىشنىڭ تەسىرى 1990-يىللارنىڭ باشلىرىدىكى ئۈرۈمچىدە تېخىچە داۋام قىلىۋاتاتتى. ئەنە ئاشۇ يىللاردا قەلبى كۆۋەجەپ تۇرغان بۇ يىگىت ئەدەبىياتقا بولغان ئوتتەك ئىشتىياقى بىلەن قولىغا قەلەم ئېلىپ كۆپلىگەن شېئىرلارنى يازدى، ئۇيغۇر ياش شائىرلىرىنىڭ ئەدەبىي مۇھاكىمە سالونلىرىغا قاتناشتى، ئەدەبىيات نەزەرىيەسى ۋە بەدىئىي ئىجادىيەت ھەققىدە نەچچە ئونلىغان ئوبزورلارنى ئېلان قىلدى. ھالبۇكى، پىكىر ۋە تەپەككۇر قايناملىرىغا چۆمۈلۈپ، قەلەم كۈرەشلىرىنىڭ شىددەتلىك ئېقىنلىرىدا ئۆتكەن 1990-يىللار بۇ ياش يىگىتنىڭ شەخسىي ھاياتى ۋە ئائىلە تۇرمۇشىغا ئويلاپ باقمىغان ئاچچىق قىسمەتلەرنىمۇ ئېلىپ كەلدى. ئۇنىڭ قېينئاكىسى، مەرھۇم سەنئەتكار كۈرەش كۆسەننىڭ 1990-يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ۋەتەننى تەرك ئېتىپ چەتئەلگە چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولۇشى ئۇلارنىڭ پۈتكۈل ئائىلىسىگە مۇھاجىرەتكە يۈزلىنىشنىڭ سىگنالىنى چالدى. پاسپورت بېجىرىشتىكى بىرقانچە يىلغا سوزۇلغان باش قېتىمچىلىقلار، قازاقىستاندىكى قورقۇنۇچ ۋە ۋەھىمە ئىچىدە ئۆتكەن جەريانلار، ئوخشاش نىشاننى كۆزلەپ چېگرادىن ئايرىلغان ئەر-ئايالنىڭ ئويلىمىغان يەردىن ئىككى قىتئەدىكى ئىككى دۆلەتكە ئايرىلىپ كېتىشى... بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا مۇساپىرەتتىكى ھاياتنىڭ ئاسان بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇرىدۇ...

2003-يىلى ئاۋغۇست ئايلىرىدا مۇھاجىرەتنىڭ سىرلىق قوۋۇقى ئاخىرى ئېچىلىدۇ. 70 ياشتىن ئاشقان غەمگۇزار ئانا كۇچادىكى ئۆيىنىڭ دەرۋازىسىدىن ئېغىر قەدەملىرى بىلەن چىقىپ كېتىۋاتقان ئوغلىنى ياشقا تولغان كۆزلىرى بىلەن ئۇزىتىپ قويىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇ تۇغۇلغان ۋە چوڭ بولغان ئاشۇ سۆيۈملۈك ماكان، كۆيۈمچان ئانا، قېرىنداش ۋە دوست-يارەنلەر شۇنداقلا ۋەتەننىڭ ئېزگۈ سىيماسى ئارقىدا قەپ قالىدۇ. ئۇ ئەمدىلا بىرقانچە ياشقا كىرگەن ئوغلىنى يېتىلەپ داۋالغۇپ تۇرغان ھېسسىياتى بىلەن يىراقتىكى نامەلۇم كېلەچەككە قاراپ يول ئالىدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىنكى 15 يىللىق ھاياتىنى شىمالىي ياۋروپادىكى بۇ تىنچ ئەلدە - شىۋېتسىيەدە ئۆتكۈزگەن، مەرھۇم كۈرەش كۆسەن بىلەن بىللە ئېسكىلىستۇنا شەھىرىدە ئۇيغۇر سىياسىي ھەرىكىتىنىڭ سىكاندىناۋىيە ئەللىرىدىكى پائالىيەت مەركىزىنى بەرپا قىلغان، ئۇيغۇر تىلىدا «غەرب شامىلى» ژۇرنىلىنى نەشر قىلدۇرغان، «شىۋېتسىيە ئۇيغۇر كومىتېتى» نىڭ ئىككىنچى قارارلىق رەئىسلىكىنى ئۆتىگەن، «ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى» نىڭ شىۋېتسىيەدە تۇرۇشلۇق ئىختىيارىي مۇخبىرى بولۇپ ئىشلىگەن، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۆزىنىڭ ئىلمىي ۋە بەدىئىي ئىجادىيەتلىرى بىلەن قايتا ئوتتۇرىغا چىققان بۇ كىشى مەزكۇر توپلامنىڭ مۇئەللىپى-ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت قۇمتۇردۇر.

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت خۇددى «ئىسمىم تارتقان كۈلپەتلەر» ناملىق ماقالىسىدا يازغىنىدەك، ھاياتىنىڭ تەڭدىن كۆپ قىسمىدا ئاتا-ئانىسى قۇلىقىغا ئەزان توۋلاپ قويغان ئۆز ئىسمى بىلەن چاقىرىلىش، كىملىك، پاسپورت، دىپلوم ۋە باشقا قانۇنىي ھۆججەتلەردە شۇ بويىچە يېزىلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلمەيدۇ. مۇئەللىپ 40 ياشتىن ئاشقىنىدا شىۋېتسىيەدىكى كۆپ قېتىملىق تىرىشچانلىقلىرىدىن كېيىن ئاندىن «قۇمتۇر» دېگەن قانۇنلۇق فامىلىگە ئېرىشىدۇ. «قۇمتۇر» دېگەن بۇ فامىلە كۇچادىكى قىزىل قاغا تۇرىنى ۋە شۇنداقلا كۇچادا قوشتۇر، ئاقتۇر، يېڭتۇر دەپ ئاتىلىدىغان نەچچە ئونلىغان تۇرا-مەھەللىلەرنى ئەسكە سالىدۇ. بۇ بەلكىم ئابدۇشۈكۈر ئەپەندىنىڭ جىسمى شىمالىي ياۋروپادا ياشاۋاتقىلى 15 يىل بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ كۆڭلىنىڭ، روھىنىڭ ۋە خىياللىرىنىڭ ھامان يىراقتىكى ئانا يۇرتى كۇچادا سەير قىلىپ يۈرگەنلىكىدىن بولسا كېرەك.

مەزكۇر توپلامدىكى ماقالىلەرنىڭ خېلى كۆپ قىسمى مەن ئۈچۈن ناتونۇش ئەمەس.

2003-يىلىنىڭ نويابىر ئايلىرىدا تەتقىقات ئۈچۈن شىۋېتسىيەگە كەلگىنىمدە ئابدۇشۈكۈر ئەپەندى شىۋېتسىيەنىڭ ئېسكىلىستۇنا شەھىرىدە ياشاۋاتقان ئىكەن. ئاشۇ بىر يىل جەريانىدا مەن

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ستوكھولمدا تۇرغان بولسامۇ، ئەمما ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىش پۇرسىتىم بولمىغان ئىدى. ئارىدىن 2 يىل ئۆتۈپ مەن شۋېتسىيەگە ئىككىنچى قېتىم كەلگىنىمدە بىز ستوكھولم شەھەر مەركىزىدىكى بىر قەھۋەخانىدا بىرىنچى قېتىم كۆرۈشتۇق. شۇ قېتىملىق سۆھبىتىمىز بىزنى ئورتاق تېمىلاردا سۆزلىشەلەيدىغان ۋە مۇڭدىشالايدىغان يېقىن دوستلارغا ئايلاندۇردى. شۇنىڭدىن كېيىنكى 6 يىل جەريانىدا بىز تالاي قېتىملار سۆزلەشتۇق، پىكىرلەشتۇق، ۋەتەن ھەققىدىكى تۈگىمەس خىياللىرىمىزنى ئورتاقلاشتۇق. ئابدۇشۈكۈر ئەپەندى ھەر قېتىم كۆرۈشكىنىمىزدە ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ، «ھەي، بىر ئىنساننىڭ ھاياتقا بولغان قىزغىنلىقى، ئىجادىيەت كۈچى ۋە تەپەككۇرى ئۆز تۇپرىقى ۋە خەلقىنىڭ قوينىدا تۇرۇپ ياشىغاندا تۈگىمەس ئېنېرگىيەگە ئىگە بولىدىكەن. شۇ تۇپراق ۋە خەلقىنىڭ قوينىدىن ئايرىلغىنىدا ئېنېرگىيەسىمۇ خورايدىكەن. مۇھاجىرەت ھاياتى مەندىن نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئېلىپ كەتتى...» دەيتتى. مانا بۈگۈن ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ تويلامى ئارقىلىق ھاياتقا بولغان قىزغىنلىقىنىڭ سۇسلاشمىغانلىقىنى، ئىجادىيەت كۈچىنىڭ ئاجىزلاشمىغانلىقىنى، كېلەچەككە بولغان ئۈمىدىنىڭ يوقالمىغانلىقىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ.

مەن بۇنىڭدىن ئىككى-ئۈچ يىللار ئىلگىرى ئابدۇشۈكۈر ئەپەندىنىڭ «ئانامنىڭ ئەسلىملىرى» ناملىق ماقالىسىنى كۆزۈمنى ياشلىغان ھالدا ئوقۇپ چىققاندىم. راستىنى ئېيتسام، بۇ ماقالە ئابدۇشۈكۈر ئەپەندىنىڭ مەزكۇر تويلامىدىكى بارلىق ئەسەرلىرى ئىچىدىكى مەن ئەڭ ياقتۇرىدىغان بىر ئەسەردۇر. ئۇنىڭ بۇ نادىر ماقالىنى يازغان چاغدىكى كەيپىياتىنى ۋە ھېس-تۇيغۇلىرىنى چوڭقۇر چۈشىنىمەن. ئۇ شۋېتسىيەدە ياشىغان شۇنچە ئۇزۇن يىللار مابەينىدە ھەممە كەچمىشلىرىنى ئۇنتۇشقا تىرىشتى، ئەمما ئاخىرقى ئۆمرىدە ئورۇن تۇتۇپ يىللارچە كېسەل كارىۋىتىدا يېتىپ كەتكەن كۈچادىكى ئانىسىنى ئەسلا ئېسىدىن چىقىرالمىدى. مەن ئابدۇشۈكۈر ئەپەندى بىلەن سىرداش دوست بولۇپ ئۆتكەن شۇنچە يىللار مابەينىدە ئۇنىڭ شۋېتسىيەدە ھەر ۋاقىت ئانىسىنى سېغىنىش ئىچىدە ياشىغانلىقىنى، «ئانامنىڭ ئالدىدا ئوغۇللۇق بۇرچۇمنى ئادا قىلالمىدىم» دەپ خورسىنغانلىقىنى، يېشىنىڭ ئۇلغىيىشىغا ئەگىشىپ بۇ خىل تۇيغۇنىڭ تېخىمۇ ئېغىرلاشقانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلغان ئىدىم. دېگەنىدەك مۇئەللىپنىڭ بۇ ماقالىسىدا ئۇنىڭ بۇ خىل ھېس-تۇيغۇلىرى چوڭقۇر ئىپادىلەنگەن ئىدى. مەزكۇر ماقالىدىكى ئانىسىنىڭ ئەسلىملىرىنى ئەسلىمە قىلىپ يازىدىغان بۇ ئالاھىدە شەكىل ئوقۇرمەننى بىر ئانىنىڭ كەچمىشلىرىدىن مىللىتىمىزنىڭ 20 ئەسىردىكى كوللېكتىپ كەچۈرمىشلىرىگە سۆرەپ كىرىدۇ. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتنىڭ ئانىسى مەرھۇم زىننەتخان ئانا باشقا مىڭلىغان ئانىلارغا ئوخشاشلا ئاددىي بىر ئانا ھەم شۇنداقلا 20-ئەسىردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلىرىگە شاھىت بولغان ئوقۇمۇشلۇق بىر ئايال ئىدى.

«ئانامنىڭ ئەسلىملىرى» نى ئوقۇغىنىڭىزدا 1936-يىلى زىننەتخان ئانا 4 ياش ۋاقتىدا دادىسى ئابدۇرەھىم ھاجى كۈچادە ئېلىپ بېرىلغان زور تۇتقۇندا قولغا ئېلىنىپ غايىپ قىلىۋېتىلىدۇ. ئانىسى زەيتۇنخان تۇرمۇشىنىڭ قىستىشى بىلەن ئۈرۈمچىدە تۈرمە باقىدىغان بىر ساقچىغا ياتلىق بولىدۇ. شۇنىڭدىن بۇيان چوڭ ئانىسىنىڭ قولىدا چوڭ بولغان زىننەتخان ئانا 1989-يىلى، يەنى ئارىدىن يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتكەندە ئۆز ئانىسى زەيتۇنخاننى ئۈرۈمچىدىن ئىزدەپ تاپىدۇ. زىننەتخان ئانا ياش ۋاقىتلىرىدا كۈچادىكى چوڭ سودىگەر ۋە جامائەت ئەربابى ئەزەمخان تۆرىنىڭ تاتارىستانلىق ئايالى سوفىيە ئىبراھىم ئاگىبېۋا خانىم مۇدىرلىق قىلىدىغان قىزلار مەكتىپىدە ئوقۇيدۇ. ئۇ شۇ يىللاردا سوفىيە خانىمنىڭ كىچىك قىزى پاكىزەم بىلەن ئۆمۈرلۈك يېقىن دوستلارغا ئايلانغان بولسىمۇ، ئەمما كېيىنكى بوران-چاپقۇنلۇق ھايات بۇ بىر جۈپ بىغۇبار دوستلارنى ئايرىپ تاشلايدۇ. زىننەتخان ئانا 1940-يىللاردا يەنە شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ ئايالى سوفىيە بايىز بىلەن يېقىن دوستلاردىن بولۇپ ئۆتىدۇ ھەمدە لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ بوۋاق ۋاقتىدا ئۆلۈپ كەتكەن ئوغلى كەشپۇللانىڭ تۇغۇلۇشى ۋە كېيىنچە كېسەل بولۇپ ئۆلۈپ كېتىشىگە شاھىت بولىدۇ. 1950-يىللاردىن كېيىن زىننەتخان ئانا كۈچادىكى تۇنجى ئەۋلاد ئوقۇتقۇچىلار قاتارىدا كۈچانىڭ ئىشخالا، ئۈچكىلىك قاتارلىق يېزا-كەنتلىرىدە مۇئەللىم بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ. نەچچە يۈزلىگەن سەبىي قەلبلەرگە ئىلىم نۇرىنى تۆكىدۇ. 1969-يىلىغا كەلگەندە خىتاي دائىرىلىرىنىڭ تەقىپ نىشانىغا ئايلانغان بۇ ئائىلە كۈچادىن كۈنەس ناھىيەسىنىڭ ئارالتۆپە يېزا قارابۇلاق كەنتىگە سۈرگۈن قىلىنىپ 13 يىللىق سەرسان-سەرگەردانلىقنى بېشىدىن ئۆتكۈزىدۇ. «ئانامنىڭ ئەسلىملىرى» نى ئوقۇغان ئوقۇرمەن مەرھۇم زىننەتخان ئانىنىڭ ئاددىي بىر ئانا، بالا تەربىيەلىگەن مېھرىبان ئوقۇتقۇچى ۋە تۇرمۇشنىڭ ئاچچىق-چۈچۈكلىرىنى يەتكىچە تارتقان بىر ئائىلە ئايالىلا ئەمەس، بەلكى 20-ئەسىر ئۇيغۇر

جەمئىيىتىنىڭ زور ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلىگە شاھىت بولغان بىر ئوقۇمۇشلۇق شەخس ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر دەرىجىدە ھېس قىلىدۇ. مۇئەللىپنىڭ قەلەم ئىزھارىغا ئەگىشىپ ئابدۇشۈكۈر ئەپەندى بىلەن بىرلىكتە ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشكەن مەرھۇم زىنىنەتخان ئانىنى تەڭ سېغىنىمىز...

مەزكۇر توپلامدىكى «ئىسمىم تارتقان كۈلپەتلەر» ناملىق ماقالە ئوقۇرمەنلەرگە ئۇيغۇر بولۇپ تۇغۇلغان ھەر بىر ئىنساننىڭ ھاياتى بويى ئىسىم-فامىلىسى سەۋەبلىك دۇچ كېلىدىغان كۈلپەتلىرىنى ئاشكارا قىلىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز ۋەتىنىدىلا ئەمەس، بەلكى چەتئەللەردىمۇ ھەتتا ئىسىم-فامىلىسى ئارقىلىق بەدەل تۆلەيدىغانلىقىدەك بىر رېئاللىقنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. دۇنيانىڭ ھېچقانداق جايىدا ۋە شۇنداقلا ئۇيغۇردىن باشقا ھەرقانداق بىر خەلقتە كۆرۈلمەيدىغان بۇ تارتقۇلۇقلار «ئۇيغۇر» بولۇپ ياشاشنىڭ ئاسان ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدۇرىدۇ.

مۇئەللىپ ئابدۇشۈكۈر ئەپەندى ھاياتىنىڭ پىشقان يىللىرىنى مۇھاجىرەتتە-شىمالىي ياۋروپادىكى تىنچ ۋە گۈزەل ئەل-شۋېتسىيەدە ئۆتكۈزدى. ئۇ شۋېتسىيەگە كەلگەن دەسلەپكى چاغلىرىدىن باشلاپلا سكاندىناۋىيە ئەللىرىنىڭ يىراقتىكى ئوتتۇرا ئاسىيا، شۇ جۈملىدىن تارىم ۋادىسى بىلەن بولغان تارىخىي ۋە مەدەنىيەت ئالاقىلىرىگە دىققەت قىلدى. ۋاقتى ۋە ئىمكانىيىتى بولسىلا شۋېت ئارخىپلىرى، كۇتۇپخانىلىرى ھەمدە مۇزېيلىرىدا ساقلىنىۋاتقان ئۇيغۇرلارغا دائىر ماتېرىياللار بىلەن ھەپىلەشتى. مەزكۇر توپلامدىكى «ياقۇببەگنىڭ نەسەبنامىسى»، «گۇستاف رەكېت ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى»، «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىنقىلاب ۋە ۋەزىيەت»، «لۇۋسا بىلەن توختاخۇن ھەققىدە ئاڭلىمىغان ھېكايىلەر» ناملىق بىر يۈرۈش ماقالىلار شۋېت ئارخىپلىرىغا كۆمۈلگەن ئۇيغۇرلارغا دائىر مەنبەلەرنىڭ ئۇچۇرىنى تارتىپ چىقىرىدۇ.

شۋېت مىسسىيونېرلىرى تەركىبىدە 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قەشقەرگە كەلگەن سىستېرا لۇۋسا قانداق بولۇپ دەرۋازىۋەن يىگىت توختاخۇن بىلەن تونۇشۇپ قالدى؟ ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىشقىي مۇھەببەت قانداقلارچە ئۇلارنىڭ ئوخشىمىغان دىنىي ئېتىقادى ۋە ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشىمىغان ئىرقىي ھەم مەدەنىيەت پەرقلىرى ئۈستىدىن غالىپ كەلدى؟ جەمئىيەتتىن كېلىۋاتقان شۇنچە قارشىلىقلارغا قارىماستىن كۇچادا 35 يىل بىللە ياشىغان بۇ بىر جۈپ ئەر-ئايال يەنە نېمە ئۈچۈن ئاخىرىدا بىر-بىرىدىن ئايرىلدى؟ لۇۋسانىڭ كۇچادىن شۋېتسىيەدىكى بىر تۇغقان سىڭلىسىغا يازغان 200 پارچىدىن ئارتۇق خەتلىرى ھازىر قەيەردە؟ بۇ سوئاللارغا قىزىققۇچىلار ئابدۇشۈكۈر ئەپەندىنىڭ مەزكۇر توپلامدىكى «لۇۋسانىڭ خەتلىرى: لۇۋسا بىلەن توختاخۇن ھەققىدە ئاڭلىمىغان ھېكايىلەر» ناملىق ماقالىسىدىن قىسمەن جاۋابلارنى تاپالايدۇ.

ئۇيغۇرلار بىلەن شۋېتلار ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت ئالاقىلىرى ۋە شۋېتسىيەدە 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا شەكىللەنگەن تۈركولوگىيە تەتقىقاتى ھەققىدە سۆز بولغاندا، شۈبھىسىزكى، كىشىلەر گۇننار ياررىڭنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىشىدۇ. دەرۋەقە، گۇننار ياررىڭ 1929-1930-يىللىرى قەشقەرگە تىل تەكشۈرۈش ۋە قوليازما يىغىش ئۈچۈن كەلگەن، دىن تارقىتىش ۋەزىپىسى بولمىغان بىردىن-بىر تەتقىقاتچى ئوقۇغۇچى ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن گۇننار ياررىڭنىڭ ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ تىلى بىلەن، بولۇپمۇ قەشقەر بىلەن بولغان ئۆمۈرلۈك رىشتىسى باشلىنىدۇ. گەرچە گۇننار ياررىڭنىڭ كېيىنكى ھاياتى داۋامىدا ئۇنىڭ نامىنى دۇنياغا تونۇتقىنى ئۇنىڭ دىپلوماتىيە ساھەسىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىك خىزمەتلىرى بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ھاياتىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىغىچە شەرقىي تۈركىي تىلى (ئۇيغۇر تىلى) ۋە بۇ تىلدىكى قوليازمىلار تەتقىقاتىنى ئەسلا توختىتىپ قويمايدۇ. شۇ ۋەجىدىن بۇ شەخسنىڭ ئۇيغۇرلارغا تونۇش بولغان يۈزى دەل ئۇنىڭ داڭلىق تۈركولوگ ۋە ئۇيغۇرشۇناس بولغانلىقى ۋە ئۇيغۇرلار ۋەتىنى بىلەن بولغان ئۆمۈرلۈك رىشتىسىدۇر. ھالبۇكى، ئابدۇشۈكۈر ئەپەندى شۋېتسىيەدە كېيىنكى يىللاردا نەشر قىلىنغان شۋېت شەرقشۇناسلىرىنىڭ ھاياتى ۋە سىياسىي مەۋقەسىگە دائىر بىر قىسىم تەتقىقات نەتىجىلىرىگە تايىنىپ تۇرۇپ، گۇننار ياررىڭنىڭ ئۇيغۇرلارغا ناتونۇش بولغان يەنە بىر «يۈزى» نى ئېچىپ كۆرسىتىشكە تىرىشىدۇ. ئەلۋەتتە، مەيلى گۇننار ياررىڭ بولسۇن، ياكى سۋېن ھېدىن بولسۇن، ئۇلارنىڭ 1930-يىللاردىن 1940-يىللارغىچە بولغان ئارىلىقتا ناتسىستلار گېرمانىيەسى بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولغانلىقى، ھەتتا سىياسىي مەۋقە جەھەتتىن گېرمانىيەنىڭ دۇنيا ئۇرۇشىدا غەلىبە قىلىشىنى ئۈمىد قىلغانلىقىدەك شەخسىي خاھىشلىرى شۋېتسىيە ئىلىم ساھەسى ئۈچۈن بىلىنمىگەن بىر ھادىسە ئەمەس. كېيىنكى يىللاردا شۋېتسىيەدە ئوتتۇرىغا چىققان بىر قىسىم تەنقىدىي شەرقشۇناسلار سۋېن ھېدىن ۋە گۇننار ياررىڭ قاتارلىق شەرقشۇناسلارنىڭ ھاياتىدىكى بۇ

www.uyghurkitap.com

سىنارىيەلەرنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ چىقتى ۋە نۇرغۇن بەس-مۇنازىرىلەرگە سەۋەب بولدى. ھالبۇكى، بۇ تېما مەسىلىنىڭ پۈتۈن-سۆرۈك يۈزى ئەمەس. مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، ئەگەر سۆۋېن ھېدىنىنىڭ 5 قېتىملىق ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تارىم ئېكسپېدىتسىيەسى بولمىغان بولسا، گۇننار ياررىڭنىڭ 1929-يىلىدىكى قەشقەر سەپىرى بولمىغان بولسا، شىمالىي ياۋروپادا 20-ئەسىردىن بۇيانقى ئۇيغۇر تەتقىقاتى ۋە تۈركولوگىيەگە دائىر مول قوليازمىلار فوندى شەكىللەنمىگەن بولاتتى. شۇڭا مېنىڭچە، ئابدۇشۈكۈر ئەپەندىنىڭ مەزكۇر توپلامغا كىرگۈزۈلگەن «گۇننار ياررىڭنىڭ ئۇيغۇرلارغا ناتونۇش بولغان يەنە بىر يۈزى» ناملىق ماقالىسىنى بۇ شەخسكە ئومۇمىيۈزلۈك باھا بېرىشتە باشقىلار ئويلاپ باقمىغان بىر نۇقتىغان جۈرئەت قىلغان دېيىشكە بولسىمۇ، ئەمما مەزكۇر ماقالىدا تىلغا ئېلىنغان بىر قىسىم قاراشلار ۋە بايانلار ئارقىلىقلا گۇننار ياررىڭنىڭ ئومومىي ئوبرازىغا ھەمدە ئۇيغۇر تەتقىقاتى بويىچە ئېلىپ بارغان بىر ئۆمۈرلۈك ئەمگەكلىرىگە باھا بېرىش ئانچە مۇۋاپىق بولمىسا كېرەك.

شۋېتلارنىڭ بۆگۈنكى كۈندە گۇننار ياررىڭغا قانداق باھا بېرىشى مېنىڭچە شۋېتلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئىشى. بۇ بىزنىڭ بىلىپ بېقىشىمىزغا ۋە ئويلىنىپ كۆرۈشىمىزگە تېگىشلىك بىر نۇقتا بولسىمۇ، ئەمما بۇ نۇقتىلارغا تايىنىپلا گۇننار ياررىڭنىڭ تۈركولوگىيە ساھەسىدە ئېلىپ بارغان بىر ئۆمۈرلۈك ئەمگەكلىرىگە «تون پىچىۋېتىش» شەك-شۈبھىسىزكى، بىزنى ئىنكارچىلىق كېسىلىگە مۇپتىلا قىلىدۇ. مەن گۇننار ياررىڭغا باھا بېرىشتە ئۇنىڭ باشقىلارغا بىلىنمىگەن «ناتونۇش يۈزى» ياكى ئۇنىڭ قانداقتۇر «ئارىئان ئىرقىنىڭ ئۈستۈنلىكى ئۈچۈن كەتمەن چاپىدىغان سىياسىي مەۋقەسى»گە ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئۇيغۇر تىلى ۋە مەدەنىيىتى ساھەسىدە قانداق نەتىجىلەرنى مەيدانغا كەلتۈرگەنلىكى ھەمدە ئۇيغۇرلار ئۈچۈن نېمىلەرنى قىلىپ بەرگەنلىكىگە قاراش كېرەك دېگەن تەشەببۇستىمەن. ھەچ بولمىغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ نۇقتىسىدىن شۇنداق بولۇشى كېرەك دەپ ئويلايمەن.

ئابدۇشۈكۈر ئەپەندىنىڭ مەزكۇر توپلامدا يەنە ئۇنىڭ ئانا يۇرتى كۇچا دىيارى ھەققىدە يازغان بىرمۇنچە ماقالىلىرىمۇ ئورۇن ئالغان. بولۇپمۇ كۇچادىكى ساقساق مەدرىسى ۋە ئۇنىڭدا ئوقۇغان مەشھۇر شەخسلەر، «مىڭ تەن ئاتام مازىرى»، كۇچا خەلق ناخشىسى «مىراجىخان» قاتارلىق ماقالىلىرى ئاپتورنىڭ چەتئەلدە تۇرۇپمۇ ئانا يۇرتى ھەققىدە تىنىمسىز ئىزدىنىش ئېلىپ بارغانلىقىنى، مۇھاجىرەتتە يۇرتنى سېغىنىشتىن ئىبارەت پۈتكۈل غۇربەتتىكى ئىنسانلارغا ئورتاق بولغان بۇ تۇيغۇغا ئۇنىڭ ئەمەلىي ئىزدىنىش ۋە ئەمگەك ئارقىلىق جاۋاب قايتۇرغانلىقىنى ھېس قىلىمىز.

ئابدۇشۈكۈر قۇمتۇر ئەپەندى ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 90-يىللىرىدا ئۇيغۇر شېئىرىيىتى، ئەدەبىيات نەزەرىيەسى ۋە 20-ئەسىر چەتئەل ئەدەبىياتىدىكى نادىر يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرى ھەققىدە بىرمۇنچە ماقالە، ئوبزور ھەمدە ئەدەبىي تەنقىدلەرنى ئېلان قىلغان. ئۇ يەنە ئەدەبىي تەرجىمىچىلىك ساھەسىدىمۇ كۆپلىگەن ئەمگەكلەرنى يورۇقلۇققا چىقارغان. نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ياپونىيەلىك داڭلىق يازغۇچى ياسۇنارى كاۋاباتانىڭ «ئۇيقۇدىكى ساھىپجامال» ناملىق ئەسىرىنى ئابدۇشۈكۈر ئەپەندى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ، نەشر قىلدۇرغان.

ئابدۇشۈكۈر ئەپەندىنىڭ مەزكۇر توپلامغا كىرگۈزۈلگەن ماقالىلىرى ئۇنىڭ ئوخشىمىغان دەۋرلەردە ۋە ئوخشاش بولمىغان ئەللەردە ياشىغان مەزگىللىرىدە يازغان يازمىلىرىدىن تەشكىل تاپقان. بىز ئۇنىڭ 1990-يىللاردا يازغان يازمىلىرىنىڭ كۆپرەك شېئىرىيەت ۋە ئەدەبىيات تېمىلىرىغا مەركەزلەشكەنلىكىنى، شۋېتسىيەگە كەلگەندىن كېيىن يازغان يازمىلىرىنىڭ كۆپرەك ئۇيغۇر تارىخى، مەدەنىيىتى ۋە ھۆججەت-قوليازمىلارغا بېغىشلانغانلىقىنى، يېقىنقى مەزگىللەردە يازغان يازمىلىرىنىڭ كۆپرەك ئانا يۇرتى ھەققىدىكى ئەسلىمىلەرنى ئاساس قىلغانلىقىنى ھېس قىلىمىز. بۇنداق كەڭ دائىرىگە ۋە كۆپ خىل تېمىلارغا بېغىشلانغان شۇنداقلا ماكان ۋە زامان چېگراسىدىن ھالقىپ چىققان ئۇنىۋېرسال توپلام كۆپ ھاللاردا بىر يازغۇچىنىڭ يېزىقچىلىق تارىخىنىڭ تەرەققىيات باسقۇچلىرىنى ئوقۇرمەنلەرگە ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئابدۇشۈكۈر ئەپەندى مۇھاجىرەتتە 15 يىل ياشىغاندىن كېيىن ئۆزىگە قايتتى. ئۇ ئۆز ئەسەرلىرى ئارقىلىق بىر مىللەت پەرزەنتىنىڭ ئۆز مىللىيىتىگە ۋە ئەسلىگە قايتىشىنىڭ تەبىئىي بىر تاللاش ئىكەنلىكىنى، جىسمى مۇھاجىرەتتە ياشىسىمۇ، ئەمما روھىيىتى ھامان ۋەتەن تۇپراقلىرىنى سەير قىلىپ تۇرغان مىڭلىغان ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ئېچىپ كۆرسەتتى.

(ئاخىرى 29-بەتتە)

# ۋەتەن سۆيگۈسى

(ھېكايە)

ئايشە بۇلۇت (تۈركىيە)

ئەلى تاقەتسىزلىك ئىچىدە ئانىسىنى كۈتىۋاتاتتى. بوۋىسى بەكلا ياشىنىپ قالغاچقا، ئەلى بىلەن بىللە ئوينىيالمايتتى. ئۇ ئىچىدە: «كاشكى تاغام كەلگەن بولسا، يېڭى ئويۇنچۇقلارنى ئالغاچ كەلسە... » دېگەنلەرنى ئويلىدى. ئۇنىڭ تاغىسى ناھايىتى يىراق بىر يەردە ئىدى. ئانىسى ئۇنىڭ باشقا بىر دۆلەتتە ئىكەنلىكىنى ئېيتقانىدى. «باشقا دۆلەت» قەيەر بولغىيتتى؟ ئانىسى: «بىزنىڭ دۆلىتىمىز تۈركىيە، دۇنيادا بىزنىڭ دۆلىتىمىزگە ئوخشاش يەنە نۇرغۇنلىغان دۆلەتلەر بار، ئۇ يەرلەردە باشقا تىل قوللىنىلىدۇ.» دېگەنىدى ئەمما ئەلى ئانچە چۈشىنىپ كەتمىگەنىدى. ئۇ تاغىسى يەنە بىر قېتىم كەلگەندە ئۇنىڭدىن ياخشى سوراپ بىلىۋېلىشنى كۆڭلىگە پۈكتى.

ئەلى سىرتقا قارىغاچ بۇلارنى ئويلاۋاتاتتى، ئۇ شۇنچىلىك خىيالغا پاتقانىدىكى، ئانىسىنىڭ قول پۇلاڭلاتقىنىنى خېلى تەستە ئىلغا قىلدى. ئانىسى ئالدىراش كېلىۋاتاتتى، ئەلى ئىشىككە قاراپ يۈگۈردى، ئىشىك ئېچىلىشى بىلەن ئانىسى ئەلىنى سىغىنىش ئىلكىدە قۇچاقلىدى، ھېدىنى پۇراپ، مەڭزىلىرىگە سۆيدى.

— ساڭا بىر خوشخەۋىرىم بار، دېدى ئانىسى ھاياجان بىلەن، — ئەتە تاغاڭ كېلىدۇ. ئەلى خۇشاللىقىدىن سەكرەپ كەتتى.

بۇ كېچە ھەممىيلەن ئۈچۈن ناھايىتى ئۇزۇن تۇيۇلدى. ئەلىنىڭ ئانىسى سەھەر تۇرۇپ تەييارلىقلارنى باشلىۋەتتى. تاغىسى ئەڭ ياقتۇرۇپ يەيدىغان تاماقلار ئېتىلدى. ھەممەيلەندە بىر خىل ھاياجان، جىددىيچىلىك بار ئىدى، پاتىپاراقچىلىق ئەتىگەندىن كەچكىچە داۋاملاشتى. ئەلى بولسا دەرىزىنىڭ تۈۋىدىن پەقەت نېرى كەتمىدى. دادىسى ئىشتىن قايتىپ كېلىپ، «قېنى ماڭايلى، تاغاڭنى كۈتىۋالغىلى چىقىمىز» دېيىشى بىلەن دەرھال ماشىنىغا قاراپ يۈگۈردى. ئەلى دادىسى ۋە بوۋىسى بىلەن بىرلىكتە ماشىنىدا يولغا چىقتى.

ئەلىنىڭ بىختەرلىك بەلۋېغىنى تاقىۋېلىش توغرىسىدىكى ئاگاھلاندۇرۇشى چوڭلارنى كۈلدۈرۈۋەتتى. ئۇلار تاغىسىنى ئايدۇرۇمدىن ئېلىپ ئۆيگە كەلگۈچە ئالاھەزەل ئىككى سائەت ئۆتكەنىدى. ئەلى ھەممىدىن بەك تاغىسىنىڭ ئۆزگىچە نېمە ئېلىپ كەلگەنلىكىگە قىزىقاتتى، لېكىن پەقەتلا سورىيالمايۋاتاتتى. ئۇلار ئۆيگە كەلگەندە ئۆينىڭ ئىچى خۇددى بايرام بولغاندەك قىزىپ كەتتى. ھەممەيلەن قايتىدىن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى ۋە كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ، يۈز - قوللىرىنى يۇيغاندىن كېيىن داستىخانغا كەلدى. تاغىسى ئەلىنى تېخىمۇ ئۇزۇن ساقلاتماسلىق ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرۇپ ئەلىگە ئەكەلگەن سوۋغاتنى بەردى. پوسۇلكىنىڭ ئىچىدىن تىزگىنەكلىك ماشىنا چىقتى. ئۇ ماشىنا بەكمۇ چىرايلىق بولۇپ، ئەلى بۇنىڭدىن بۇرۇن بۇنداق چىرايلىق ۋە قىزىل ماشىنىنى كۆرۈپ باقمىغانىدى. ئۇ تاغىسىغا ئېسىلىپ تۇرۇپ رەھمەت ئېيتتى. داستىخاندىكى ھەممەيلەن بەك خۇشال ئىدى. ئارىلىقتا ئەلىنىڭ تاغىسى سېغىنىشنى تىلغا ئالدى، ۋەتىنىنى، ۋەتىنىنىڭ تاماقلىرىنى، مېۋىلىرىنى، ھاۋاسىنىمۇ بەك سېغىنغانلىقىنى، يوللاردا كېتىپ بېرىپمۇ ئىنسانلارنىڭ ئىللىق كۈلۈمسىرەشلىرىنى ئىزدىگەنلىرىنى ئېيتىپ بەردى. ئەلى كۆڭلى يېرىم ھالدا تاغىسىغا قارىدى:

— سەن ياشاۋاتقان يەر بەك ناچار يەرمۇ تاغا؟ — دەپ سورىدى.

تاغىسى كۈلۈمسىرىگىنىچە ئەلىنىڭ بېشىنى سىلىدى:

— بەك ناچار ئەمەس جېنىم، — دېدى ۋە يەنە قوشۇپ قويدى، - ئەسلىدە گۈزەل ۋە زامانىۋى بىر يەر. ھەممە يەر تەرتىپلىك، پاكىزە ئەمما ھېچقانداق بىر نەرسە ۋەتەنگە بولغان سېغىنىشنى باسالمايدۇ. تاماقلىرى باشقىچە، ئىنسانلىرى باشقىچە، ئۆرپ- ئادەتلىرىمۇ باشقىچە، بۇ يەرگە ئوخشىمايدۇ.

ئەلى گاڭگىراپ قالغانىدى. تاغىسى ئۆزى ياشاۋاتقان يەرنى ھەم گۈزەل دەپ تەرىپلەيدۇ ھەم

www.uyghurkitap.com

ئۈنىڭ كۆزلىرى ھەسرەتكە تولغانىدى. تاماقتىن كېيىن ئەلى ئاستاغىنە تاغىسىنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە تاغىسىدىن ۋەتىنىنى نېمىشقا بۇنچىلىك سېغىنغانلىقىنى سورىدى. سېغىنىشنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئانىسى تېخى يېقىندىلا ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈپ قويغانىدى. تاغىسى ئۇنىڭغا ھەممە دۆلەتنىڭ ئۆزىنىڭ مەدەنىيىتى بولىدىغانلىقىنى، مائارىپى، تىلى، تارىخىنىڭ ئوخشىمايدىغانلىقىنى، ئۇ يەردىكى ئىنسانلارنىڭ بىزنىڭ دۆلىتىمىزگە نىسبەتەن ناتونۇش ئىكەنلىكىنى دەپ بەردى. ئۇ يەردە ياشاش ئۈچۈن ئۇلارغا ئوخشاش ئىش-ھەرىكەت قىلىش كېرەكلىكىنىمۇ ئېيتتى. ئەڭ ياخشى مىسالنى دادىسى ئالدى:

— قارا ئوغلۇم، ئاناڭ يوق چاغدا بىر كۈن خوشنىلارنىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ تۇردۇڭ. ئۇلار ساڭا ناھايىتى ياخشى قارىدى، سېنى ياخشى مېھمان قىلدى. لېكىن سەن يەنىلا خۇشال بولالمىغانلىقىڭنى ئېيتتىڭ. ھەتتا تاماقلىرىنى ياقتۇرمىغانلىقىڭنى ئېيتقانىدىڭغۇ. كەچتە ئۇ يەردە قونۇپ قالماسلىق ئۈچۈن نېمىلەرنى ئويدۇرۇپ چىقارمىدىڭ. تاغاڭمۇ خۇددى ساڭا ئوخشاش بۇ يەردە كۆنۈپ ئادەتلەنگەن نەرسىلەرنى ئۇ يەردىن تاپالماپتۇ.

ئەلى ئاستا - ئاستا چۈشىنىشكە باشلىدى.

— ھەممە ئادەمنىڭ ۋەتىنى مۇقەددەس ۋە قىممەتلىكتۇر، — دېدى بوۋىسى، — بىزمۇ بۇ ۋەتەنگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن چەكمىگەن رىيازەتلەر قالمىدى. ئەلى بوۋىسىغا ئېسىلىپ تۇرۇپ:

— دەپ بەرگىنە جېنىم بوۋا! — دەپ يالۋۇرۇشى بىلەن ھەممەيلەن دىققىتىنى يىغىپ قۇلاق سالدى:

— ئۇزۇن يىللار ئىلگىرى دۆلىتىمىزنى دۈشمەنلەر ئىشغال قىلىۋالغانىدى. بىزگە يا ۋەتەننى تاشلاپ قېچىش ۋە ياكى جېنىمىزنى ئالقانغا ئېلىپ دۈشمەنگە قارشى كۆرەش قىلىشتىن باشقا يول يوق ئىدى. جەڭ قوراللىرىمىز بەك ئاز ئىدى، خەلقىمىزنىڭ يەيدىغان نېنىمۇ، ئەسكەرلىرىمىزنىڭ پۇتىغا كىيگۈدەك ئايىغىمۇ يوق ئىدى. دۈشمەن دۆلەتلەر بولسا بەك كۈچلۈك ئىدى. ناھايىتى ئېغىر ئۇرۇشلار بولدى، نۇرغۇن بەدەللەرنى تۆلىدۇق، لېكىن ھارمىدۇق، تالمىدۇق، زېرىكمىدۇق، قورقماستىن كۆرەش قىلدۇق، ئاخىرىغىچە ئۇرۇشتۇق. ئاخىرىدا غەلىبە قىلدۇق. ھەربىر غېرىچ تۇپرىقىمىز ئۈچۈن ناھايىتى جاپا تارتتۇق، ۋەتەننى ئەنە شۇنداق قوغداپ قالدۇق، دۈشمەنلەرنى ئەنە شۇنداق قوغلاپ چىقاردۇق. دۈشمەنلەر كەتتى، ئەمما ئۇلاردىن قالغىنى يىقىلغان، ئۆرۈلگەن، ھەممە يېرى كۆيۈپ خارابىگە ئايلانغان بىر دۆلەت بولدى. ئۇ كۈنلەردە ئاچلىق، يوقسۇللۇق بىلەن بولغان كۆرەش باشلاندى. بىز يەنە بوشاشماستىن، ئۈمىدسىزلەنمەستىن كۆرەش قىلدۇق، بۇ گۈزەل ۋەتەننى ئەنە شۇنداق قۇرۇپ چىقتۇق، بۇ ۋەتەننى قەدىرلىشىمىز لازىم ئوغلۇم.

بوۋىسىنىڭ گېپى تۈگىگەندە ئەلى ئويچان ھالەتتە ئولتۇراتتى. ئاندىن ئۇ دادىسىغا ئۆرۈلۈپ:

— سىنىڭ ئۆيىمىزنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن جاپا تارتقىنىڭغا ئوخشاشمۇ دادا؟ — دېدى.

— شۇنداق ئوغلۇم. لېكىن ۋەتەنگە ئىگە بولۇش تېخىمۇ قىيىن ئىدى. مەن بۇ ئۆيىنى ئالمىسام باشقا بىر ئۆي ئالالايمەن ئەمما باشقا بىر ۋەتەن يوق، — دېدى دادىسى.

ئەلى ئۇلارنىڭ ئېيتقانلىرىنى چۈشەندى. بىز ئىگە چىقمىساق، قولىمىزدىكى ھەممە نەرسىنى يوقىتىپ قويىمىز. بەزى نەرسىنى يوقاتساق قايتىدىن تېپىۋالغىلى بولىدۇ، لېكىن «ۋەتەن» قولدىن كەتسە ھەرگىز قايتىپ كەلمەيدۇ. ۋەتىنىمىزنى قوغدىشىمىز لازىم. ئەڭ مۇھىمى، ۋەتىنىمىزنى سۆيۈشىمىز لازىم. چۈنكى ھېچقانداق بىر يەر بىزنىڭ ۋەتىنىمىزگە ئوخشىمايدۇ.

سۆھبەتلەر تۈگەپ ئۇخلايدىغان چاغدا ئەلى ھازىرغىچە ھېس قىلىپ باقمىغان بىر خۇشاللىق ئىچىدە كارىۋىتىغا چىقتى. ئاۋۋال تاغىسى كەلدى، كېيىن ۋەتەن سۆيگۈسىنى ئۆگەنگەنىدى ئەلى. ئۇ سەھەردە بولغاندا ئۆگەنگەنلىرىنى دوستلىرىغا ئېيتىپ بەرمەكچى بولدى.

«سۆيىمەن ۋەتىنىمنى،
باردۇر ئۇ يەردە بىرلىك ۋە ئىتتىپاقلىق.
سۆيىمەن ۋەتىنىمنى،
باردۇر ئۇ يەردە سۆيگۈ ۋە ھۆرمەت.
سۆيىمەن ۋەتىنىمنى،
باردۇر ئۇ يەردە تىنچلىق.
سۆيىمەن ۋەتىنىمنى،
باردۇر ئۇ يەردە ئۈمىد ۋە ئىشەنچ.
سۆيىمەن ۋەتىنىمنى،
ياشايمىز ئۇ يەردە ھوزۇر ئىچىدە.»

تۈركچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ئەسما ئىلھام



# ئويغان

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر

ئەي پېقىر ئۇيغۇر، ئويغان، ئۇيقۇڭ يېتەر،
سەندە مال يوق، ئەمدى كەتسە جان كېتەر.
بۇ ئۆلۈمدىن ئۆزۈڭنى قۇتقۇزمىساڭ،
ئاھ، سېنىڭ ھالىڭ خەتەر، ھالىڭ خەتەر.

قوپ! دىدىم، بىشىڭ كۆتۈر! ئۇيقۇڭنى ئاچ!
رەقىبىڭ باشىنى كەس،قانىنى چاچ !
كۆز ئېچىپ ئەتراپقا ئوبدان باقمىساڭ،
ئۆلسەن ئارماندا بىر كۈن نائىلاج.

ھىلىمۇ جانىسزغا ئوخشايدۇ تېنىڭ،
شۇڭا يوقمۇ ئانچە ئۆلۈمدىن غېمىڭ؟
قىچقارسام قىمىرلىمايلا ياتىسەن،
ئويغانماي ئۆلمەكچىمۇ سەن شۇ پېتىڭ؟!

كۆزۈڭنى يوغان ئېچىپ ئەتراپقا باق،
ئۆز ئىقبالىڭ ھەققىدە ئويلا ئۇزاق.
كەتسە قولدىن بۇ غەنىمەت پۇرستى،
كېلەچەك ئىشىڭ چاتاق، ئىشىڭ چاتاق.

ئېچىنار كۆڭلۈم ساڭا ئەي ئۇيغۇرۇم،
سەپدىشىم، قېرىندىشىم، بىرتۇغقىنىم.
كۆيۈنۈپ ھالىڭغا، ئويغاتسام سېنى،
ئاڭلىمايسەن زادى، نېمە بولغىنىڭ؟

كېلىدۇ بىر كۈن پۇشايمان قىلىسەن،
تەكتىگە گەپىنىڭ شۇچاغدا يېتىسەن.
«خەپ» دېسەڭ ئۇچاغدا ئۆلگۈرمەي قالار،
شۇندا ئۇيغۇر سۆزىگە تەن بېرىسەن.

1920 ـ يىلى

شائىرنىڭ «ئاچىل» ناملىق شېئىرلار توپلىمىدىن ئېلىندى.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



# شېئىرلار

تاھىر ھامۇت (ئامېرىكا)

## ھالقىش پەيتى

قاراڭغۇ كۆكسۈمنى ھەجىلەپ ئوقۇغۇچى سۈبھى.
بۈگۈنكى چىسلانى پەلەمپەيگە ئايلاندۇردى.
ئۇ ئىشلەتكەن پىچاق چۈشۈمدىن ئاشقان يورۇقلۇق ئىدى،
ئويغۇنىڭلار.
ھالقىش پەيتى كەلدى.

كېچىچە يالغۇز ئۇخلىغان بىر تۈپ زىمىستان دەرىخى.
خۇددى يالغۇز يېتىپ پاچىقىنى پاچىقىغا سۈركەپ
پاچىقىنىڭ تۈكى چۈشۈپ كەتكەن سەتەڭ چوكاندەك.
كىرىپىكىگە ئىلىنىشىپ قالغان خىياللارنى.
تۇرۇڭلار.
ھالقىش پەيتى كەلدى.

رېئاللىقتا يۈزلىنىشى كېرەك مىڭ ياشلىق مەدداھنىڭ
گەپلىرى ئارقىدا قالدى، ئۇنىڭغا يېتىشىپ ماڭالمىدى.
كوچىلار ۋە ئادەملەر ئاغزىنى ئېچىپ ئاسمانغا قارىشىپ تۇراتتى.
مېڭىڭلار.
ھالقىش پەيتى كەلدى.

ئۇنتۇش— ئەسكە ئالالماسلىقلا ئەمەس،
ئۆلۈممۇ بىزنى قۇتۇلدۇرالىشى ناتايىن.
بىزنى ئەسلىمەلىككە مەجبۇرلاۋاتقان نەرسە نېمە؟

* ئاپتورنىڭ «ئارىلىق ۋە باشقىلار» ناملىق كىتابىدىن ئېلىندى.

بارچە دەرتلەرنى راستىنلا ھايات قالغۇچىلار تارتامدۇ؟
ئويلاڭلار.
ھالقىش پەيتى كەلدى.

ئىشىك ئالدىدا قالغان بىر پارچە يوچۇن تۆمۈر زاۋالدا كىچىكلىدى،
ھاردۇقۇم چىققاندا ئۇنى سۈرتىۋالىمەن.
ھەممە جانلىق ۋە جانسىزلار قايتىپ كەلدى.
چىۋىسلا قىسقاردى. ئورۇنلار قىسقاردى.
ئولتۇرۇڭلار.
ھالقىش پەيتى كەلدى.

شەپەق ئەمدى خىياللىرىمىزنى يۈزىمىزگە يايدى.
يېنىمىز يەر تارتىپ تۇراتتى. ئوھ دېدۇق.
قۇياشنىڭ غېرىب پېتى قالغانلىقىنى ئۇنۇتۇۋەردۇق.
يەنە بىر كۈن تىنىچ-ئۆتۈپ كەتتى، دېدۇق.
ئۇخلاڭلار.
ھالقىش پەيتى كەلدى.

كېچە سۈلىرى يامراشقا باشلىدى.
بىز بېلىق قارنىدا ئۇخلىدۇق.
مەرۋايىتلارغا قولىمىز يەتكەندە،
مەن بىزنىڭ چۈشىمىزدىن يېنىپ چىققان سۆيگۈمنى ئىزدىدىم.
چۈشەكەڭلار.
ھالقىش پەيتى كەلدى....

بىز مۈشۈنداق ھالقىيالمىدۇق،
يەنە شۇ ئۆز ئىگىزلىكىمىزدە ئىدۇق. پاكار كېچىدە.
ئاغزىمىزني چوڭ ئېچىپ تورۇسقا قارىغانچە
ھالقىشنىڭ كېيىنكى پەيتلىرىنى كۈتۈشكە مەجبۇر ئىدۇق.
شەكسىزكى، تاڭ ئاتقاندا، سۈبھى قاراڭغۇ كۆكسىمىزنى يەنە يورۇتىدۇ.

2016 - يىلى فېۋرال، ئۈرۈمچى

## مەن ئۆلگەندە

مەن ئۆلگەندە ئېسىڭدە بولسۇن،
بايرىقىڭنى چۈشۈرمە يېرىم.
جەسىتىمنى تاپساڭ كۆمۈپ قوي،
تاپالمىساڭ ئۆكۈنمە جېنىم.

مەن بىلىمەن، دېمەيدۇ ھېچكىم،
ئۆزۈمنى ئېغىر يوقىتىش.
مەن ئەمەسمۇ ئارتۇقچە ئادەم،
مەن ئەمەسمۇ ماتەمگە ماتەم،
ماڭىلا خاس ئۈنسىز يوقىلىش.

مەن ئۆلگەندە ئېسىڭدە بولسۇن،
دە جاھانغا: كۈلۈپ ئۆلدى ئۇ.
ئىشەنگەندە سۆزىگە ھەممە،
ئاندىن ئېيتقىن: يالغان كۈلدى ئۇ!

1987 - يىلى دېكابىر، بېيجىڭ



# شېئىرلار

مۇھەممەتجان ياسىن (قىرغىزىستان)

## ئالىم دېگەن

—ئاتاقلىق ئۇيغۇر ئالىمى ئەزىز نارىنباييۇ تەۋەللۇدىنىڭ 80 يىللىقىغا بېغىشلانغان

بۇ ھايات بىر مۆجىزە، تىلسىم ئىكەن،
يوللىرىدا گۈلى بار، چاتقال تىكەن.
ھەرىسىدىن قۇرقمىغان ھەسەل يېگەن،
ماختىنىمىز ھەر قاچان مەغرۇرلىنىپ،
سىزچە بولۇر، بولسا گەر، ئالىم دېگەن.

جان بەردىڭىز ئىرپانۇ-ئىلىم دېسە،
تاپقۇسى شان كىم ئەگەر بىلىم دېسە،
ۋەتىنىنى بايلىقىم، جېنىم دېسە،
ئەل غېمىنى ئەل بىلەن بىللە يېسە،
سىزچە بولۇر، بولسا گەر، ئالىم دېگەن.

ئەجدادىمىز شۆھرىتى تاپتى روناق،
تارىخىمىز بېتىمۇ ئاچتى قۇچاق،
تۆھپىڭىزنى سانىساق يەتمەس ساناق،
پەن بابىدا ئەجرىڭىز پۈتمەس بۇلاق،
سىزچە بولۇر، بولسا گەر، ئالىم دېگەن.

بوۋىلارنىڭ ھۆرمىتىدىن ساقلاپ ھامان،
روھىغا شام ياقتىڭىز ئەيلەپ دىۋان،
نەچچە سىرلار ئېچىلىپ كىردى زوۋان،
قالسىمۇ بىزگە بۈگۈن باقماي زامان،
سىزچە بولۇر، بولسا گەر، ئالىم دېگەن.

قانچە شاگىرتى سەپ بولۇپ تۇردى مانا،
رەھمىتىنى ئېيتىشىپ، ئوقۇپ سانا،
بىر غەمگۇزار ئۆزىڭىز گويا ئاتا،
يۈكسىلىشتە بوپ قانات ھەم باشپانا،
سىزچە بولۇر، بولسا گەر، ئالىم دېگەن.

ھەر سۆزىڭىز ھەق، دېسەك، گوياكى ئوق،
سىز بىلەن تالاي مىراس كۆردى يورۇق،
ئۆتمىدى دەقىقىڭىز ھېچ چاغ قۇرۇق،
مېۋە بەردى تېرىغان ھەردان-ئۇرۇق،
سىزچە بولۇر، بولسا گەر، ئالىم دېگەن.

داڭ قازانغان خەلقىمىز ئالەم ئارا،
نام تالاشقانلار دىلىن قىلىپ يارا-
بولدى ئەللەر ئالدىدا يۈزى قارا،
بىلمىگەنلەر چۈشىنەر بارا-بارا،
سىزچە بولۇر، بولسا گەر، ئالىم دېگەن.

چارچىماڭ، ئالغا بېسىڭ قىپ تەنتەنە،
شان-شەرەپ بىزگە ئەزەلدىن ئەنئەنە،

* ئاپتورنىڭ «ۋەتەن مۇھەببىتى» ناملىق توپلىمىدىن ئېلىندى.

كۈتىمىز سىزدىن تالاي ھەممەت يەنە،
قۇتلۇدۇق،
بايرام: بۈگۈنكى توي ـ سەنە،
سىزچە بولۇر، بولسا گەر، ئالىم دېگەن.

2003 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى

# ئانا يۇرت مېھرى

نەگە بارسام ئانا يۇرت مېھرى،
يۈرۈكىمنى ئالدۇ چولغاپ.
مېھىر دېگەن شۇنچە بولارمۇ،
ۋە شۇنچە كېتەمدۇ ئورناپ.

كۆيدۈردۇ دىلىمنى بىر ئوت،
گەر يىراقتا، يىراقتا يۈرسەم.
ھېچ ئارام بەرمەس بىر مىنۇت،
قانچە ھايات پەيزىنى سۈرسەم.

كۆز ئالدىمدا ئۆنىڭ تاغلىرى،
زۇمرەت كەبى تاۋلانغان ئاسمان.
كۆز ئالدىمدا گۈزەل باغلىرى،
ئېھ ۋادىلار تۇرار بىپايان.

مەپتۇن قىلماس ئۆزگە ساھىللار،
نىلۇفەر ھەم ئاچماس كۆڭلۈمنى.
قار گۈللىرى مۇزدا چېچەكلەپ،
تۇنجى قېتىم ئالغان مەيلىمنى
گاھ قىرىمدا يۈرىمەن خوشال،
گاھ سىبىردە بولىمەن مېھمان.
گاھ ئالمۇتا كۆرسەتسە جامال،
گاھ تاشكەنتتە بولدۇم قەدىردان.

دوستلار بىلەن ئۆمرۈم قايغۇسىز،
دوستلار بىلەن بىرگىدۇر كۈلكەم.
كۆرسەت بەخت قۇچقان يىگىت ـ قىز،
كۆز ئالدىمغا كېلىدۇ ئۆلكەم.
ۋەتىنىمنىڭ مېھرى ئۆزگىچە،
ھەمدە كەچتى، ئىشقى ئۆزگىچە.

# باشقىدىن

— يېڭى مۇستەقىللىككە ئېرىشكەنلەرگە بېغىشلايمەن—

سۈبھى تاڭ ئاچتى چىراي، ئۈپۈق قىزاردى باشقىدىن،
كۈي ـ ناۋا، نەغمە بىلەن دوست گۈل تىزاردى باشقىدىن.

ئامتى ئوڭدىن كېلىپ بولدى خوجا ئۆز ـ ئۆزىگە،
يۈكسىلىش ھەركىم ئويى،داۋان ئاشاردى باشقىدىن.

چوڭ سىپىل چۈشكەچ غۇلاپ تەكتى بىلەن ھەم تەلتۆكۈس،
ئەنە، باق، يېڭىچە بىر تارىخ ئاچاردى باشقىدىن.

نە ئۈچۈن كۈلمەي بۈگۈن تۇققانلار كۈلسە شادىمان،
لەيلىگە شەيدا بولۇپ مەجنۇن ياشاردى باشقىدىن.

بىر نىيەت ـ مەقسەت بىلەن قىلغان ئىشىڭ تاپقاي كامال،
چارچىماس، مەنزىل تامان كارۋان باراردى باشقىدىن.

بوغدامۇ كۈتكەن تالاي ئارمان ئارا ئۆز بەختىنى،
گەر تەخت كەلسە تۈمەن داستان يازدى باشقىدىن.

2002 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# شېئىرلار

راھىلە كامال (شۆيتسىيە)

## تەلپۈنۈش

شۇنچە لېۋەن ، ئەتىۋارلىق يار،
بوسۇغامنى دەسسەپ تۇرمىغىن!
زارىققانمەن ۋەسلىڭگە شۇنچە ،
يۈرىكىمگە خەنجەر ئۇرمىغىن!

ئېرتىپ قويغىن ياشلىرىنى ھەم،
ساڭا تارتۇق بولغان يۈرەكنىڭ.
ئەجەپ رەھىمىڭ كەلمىدى تەڭرىم ،
ياكى قەدرى يوق بۇ تىلەكنىڭ؟!

ھەققە قايتىش قىيىنمۇ شۇنچە؟!
بۇ قاپقارا قاباھەتلىك چۈش.
غايىپتىنمۇ سېنىڭ قۇدرىتىڭ؟!
قۇرئان كەبى ئاسماندىن چۈشۈش.

بىز ئايرىلدۇق ساناقسىز يىللار،
دىلدا كۆيەر سەن سالغان مېھىر.
رەنجىسەممۇ، قاقشىسامMۇ گەر،
بار سېنىڭدە قۇدرەتلىك سېھىر.

چاھار باغلار قۇزغۇنغا قالدى،
سەن كەلمىگەچ باغلار جانانى.
كۈتتۈم سېنى ئۆمرۈمدىن ئۇزۇن،
زارىقىشنىڭ يوقتۇر پايانى.

ئېرىمەكتە سەن يازغان تارىخ،
ئېرىپ كەتسۇن ھېجرانمۇ ئاستا.
ماڭا باققان مىسكىن يۈزۈڭدىن،
بالقىپ تۇرار بىر نۇر ، بىر زىيا.

## ئىزدىدىم

بەزىدە ۋەسلىڭنى كۆرستىپ غىلپال،
ۋە گاھى ئىشقىڭدا تىترىتىپ غال - غال،
بوزلىغان بىر ئۈنگە مۆكتۈڭ ئېھتىمال!؟
ئىزدىدىم نەدە سەن ئېھ سۆيۈملۈك يار!؟

كىرپىكىڭ نۇر كەبى تۆكۈلەر تال-تال،
زۇلپۇڭمۇ ئۆزگىگە ئوخشىماس بىر تال،
ئاھ ساڭا كۆيمەسكە بارمۇ يا ئامال!؟
ئىزدىدىم نەدە سەن ئېھ سۆيۈملۈك يار!؟

كۆرۈنمەس بىر ئۈمىد قىلىدۇ پال-پال،
كۆرسەتكىن سەن ئۇنى ئۆزۈڭدىن ئاۋۋال،
بولماسمۇ بىزگە ھەم تەڭسىزلىك ئۇۋال!؟
ئىزدىدىم نەدە سەن ئېھ سۆيۈملۈك يار!؟

قىلمىدىم سەبرىمنى زورلۇقتا قامال،
تاشلىغىن بىر نىگاھ، كۆرسەتكىن جامال،
بۇ قىسقا ئۆمۈرنى قىلمايلى مالال،
ئىزدىدىم نەدە سەن ئېھ سۆيۈملۈك يار!؟

## يوپۇرماق

يالڭاچ كائىنات كەتمە ئاھ ئۇرۇپ،
مەن بىر تال يوپۇرماق مەۋجۇتمەن بۇ تاپ.
تىترىگەن تېنىمنى قالدىم يوشۇرۇپ،
ياش بىلەن نەملەنگەن كۆزۈڭدە چاقناپ.

كۆزلىرىڭ كۆرەلمەس چاقناشلىرىمنى،
كۈيۈمنى ئاڭلاشنى بىلمەيسەن ئوڭشاپ.
كۈندۈزگە سوزۇلغان ئەۋرىشىم قولۇم،
كېچەڭنىڭ قوينىدا قالدى يالتىراپ.

تۇرىسەن ئۈن-تۈنسىز ئۆزۈڭگە بېقىپ،
مەن بىر تال ياپراقتا ئوخشاش شۇ قەدەر.
ئاھ! بۇ دەم نېمە دەر كۆڭلۈڭ ئىستىكى،
ئوت يېقىپ قويغاندەك ئۇپۇقتا قەدەر.

ئاددىي بەك ئاددىي بىر تال يوپۇرماق،
پەرىشان قەلبىمنى قۇچاقلاپ ياتقان.
ئاددىي بەك ئاددىي بىر تال يوپۇرماق،
ساپسېرىق يالتىراپ تۇرىدۇ ھەرۋاق،
شۇ ئاددىي جىلۋىلىك سۈكۈتى بىلەن،
ئانا يەر باغرىدا ياتقان ، رەڭ قاتقان.

## يېتەلمىدىم

كەچتىم، دېدىم ھېچبىر سەندىن كېچەلمىدىم،
ساڭا سەۋدا بۇ كوچىدىن كېتەلمىدىم،
بۇ بىناۋا كۆڭۈلنى شاد ئېتەلمىدىم،
يېتەلمىدىم ئەي بىۋاپا يېتەلمىدىم.

مارجانلىرىڭ سىرتماق بولدى بويىنۇمدىكى،
گۈل ۋىساللىڭ ئاپەت بولدى قوينۇمدىكى،
نەگە كەتتى گۈلگۈن جانان ئويۇمدىكى،
يېتەلمىدىم ئەي بىۋاپا يېتەلمىدىم.

كەتمىكىمنى قىلغانىدىڭ سەن ئىختىيار،
يېتمەك بىلەن بولسام ئىدىم ھەم بەختىيار،
قارا سەۋدا ئۆمرىمىزگە بولدى يار،
يېتەلمىدىم ئەي بىۋاپا يېتەلمىدىم.

## قىزىمغا

دەرىزەم تۈۋىدە تىنمايدۇ يامغۇر،
كۆزۈم ياش، يۈرىكىم قېتىدا ھىسلار.
كەل قىزىم بېشىڭنى مەيدەمگە قويغىن،
ياشلىقىم، ئارمىنىم ساڭا مۇجەسسەم.
ئۇنۇتما يامغۇرلۇق بۇ ئۇھسىنىشلار،
يۈرىكىڭ قېتىغا مەڭگۈلۈك ئويغىن.

قارايسەن كۆزۈمگە قويىسەن سوئال،
يىغلاڭغۇ ئاپام دەپ، قالدىڭ ئېھتىمال،
بۇ قانداق پەيتلەر بىلمەيسەن قىزىم،
يامغۇرلۇق تۈنلەردە چىقمايدۇ ھىلال،

بىر چاغلار چوڭ بولۇپ بولىسەن سەنەم،
تولمىسۇن چىرايلىق كۆزلىرىڭگە نەم،
پەرۋاز قىل كۆكلەردە ئەي ئوماق ئەركەم،
شۇ چاغدا بىلىسەن ئاناڭ دىلىنى،
كۆز يېشى، ھەسرىتى، ئارمانلىرىنى،
ئاقتۇرساڭ قەلبىڭنىڭ چوڭقۇر قېتىنى،
تاپىسەن ئاناڭنىڭ ھاياجىنىنى.

ئىككىمىز بىر تەندىن تۆرەلگەن شەيئى،
سەندە بار ھەممىسى مەندە تېپىلار،
پەقەتلا ياشىغان دەۋرىمىز باشقا،
ئۆتمۈشتىن كەلگۈسى چىقار، يېپىلار.

ئىككىمىز بىر روھتىن تۆرەلگەن ۋۇجۇد،
بىر ئىشقا تەنپۈنسەك بىر ئىشتىن بىزار،
قورقمىز ئېسىل نەرسىلەرنى ھالاك قىلىشتىن،
ۋىجدانسىز ياشىساق يۈزلەر قىزىرار.

يامغۇرغا قېتىلغان كۆز ياش ئىككىمىز،
كىم يامغۇر؟ كىم كۆز ياش؟ بىلەلمەس ھېچكىم.
بىلمەكلەر گۈللەرنىڭ قەترىگە باقسۇن،
سۈپ ـ سۈزۈك يالتىراپ چاقنايمىز قىزىم.

(بېشى 20 ـ بەتتە)

ئابدۇشۈكۈر ئەپەندى شىمالىي قۇتۇپقا يېقىن بۇ ئەلدە شۇنچە يىللار ياشاپ تۇرۇپمۇ بالتىق دېڭىزىنىڭ سوغۇق دولقۇنلىرى بىلەن سكاندىناۋىيە ئورمانلىرىنىڭ سىرلىق جىمجىتلىقىنى چۈشىمىدى. ئۇنىڭ چۈشلىرىدە زاھىر بولغىنى يەنىلا يىراقتىكى ۋەتىنىنىڭ كۆرۈنۈشلىرى، كوچادىكى «قىزىل قاغا» تۇراسىدا ئەكس ـ ئەتكەن قىزغۇچ شەپەق نۇرى ۋە مەرھۇم ئانىسىنىڭ ئەسلىمىلىرىدە قېتىپ قالغان كوچاننىڭ قايناق ھاياتىدۇر. ئابدۇشۈكۈر ئەپەندى ئەمدى ئۆزىنىڭ ئەسلا بۇزۇپ تەلەپپۇز قىلىنىدىغان ۋە مەجبۇرىي تېڭىلغان ئىسىملار بىلەن ئاتالمايدىغانلىقىنى، «قۇمتۇر» دېگەن سۆيۈملۈك ئىسمىنىڭ سكاندىناۋىيە يېرىم ئارىلىنىڭ ئۇزاققا سوزۇلغان سوغۇق كۈنلىرىدە ئۇنىڭغا ئىللىقلىق ۋە مۇھەببەت ئاتا قىلىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ.

دەرۋەقە، قۇمتۇرا چۈشى داۋاملىشىدۇ، قۇمتۇر ئەپەندىنىڭ يېڭىدىن ـ يېڭى يازمىلىرىمۇ داۋاملىق يورۇقلۇققا چىقىدۇ. مەن بۇنىڭغا چوڭقۇر ئىشىنىمەن.

2018 ـ يىل 21 ـ ئىيۇل، ئامېرىكا ۋاشىنگتون

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# مۇقەددەس ۋەزىپە

(ھېكايە)

ھەبىبۇللا ئابلىمىت (گېرمانىيە)

(بېشى ئۆتكەنكى ساندا)

( 4 )

ئەمدى سالى ئۆتكەن كۈنلەرنى ساناندى. ئارىدىن ئىككى ئاي شۇنداق تېز ئۆتۈپ كەتكەن بولۇپ، داۋۇتنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇغانىدى. چۈنكى ئۇ پۈتۈن ئەس-يادى بىلەن مۇشۇ ئىككى يېتىمنىڭ تۇرمۇشىنى ئورۇنلاشتۇرۇش بىلەن بولۇپ كەتكەنىدى. ياندىكى پۇلنى ساناندى. پۇل مەكتەپكە تۇرماق، تاشكەنتكە بېرىشقىمۇ يەتمەيتتى، سەپەرگە تەييارلىغان نەرسىلىرىنىڭ ھەممىسىنى يەپ تۈگەتكەن ئىدى. ئۇ ئىچىدە: «ئەمدى داۋۇت مەكتەپكە يالغۇز بارىدىغان بولدى. ئۇ مۇبارەك تۇپراقتا مېنىڭ ئۈچۈن دۇئا قىلىپ قويار. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى بۇ مۇقەددەس ۋەزىپىنى ئەمدى مەن ئۆلگەنگە قەدەر ئورۇندىيالمايدىغان بولدۇم. ئاللەملەرنىڭ رەببى بەكمۇ شەپقەتلىكتۇر، ئىشىنىمەنكى، ئۇ مېنى كەچۈرىدۇ» دەپ ئويلىدى ۋە «ئەمدى ئۆيگە قايتىش ۋاقتى كەلدى» دېدى ئىچىدە.

تاڭ سەھەردە كۆتۈرۈلگەن قۇياش، ئوتقاشتەك يۈزى بىلەن كۈلۈپ تۇرغان ئىشىق ئىلاھىدەك يېزا مەھەللىسىگە قاراپ تەبەسسۇم قىلاتتى. كەڭ ئاسمان بەئەينى لالىرەڭ داكىدەك كۆرۈنەتتى. ئىشقىۋاز لاچىن سامادا جەۋلان قىلماقتا ئىدى. سىغىزخانلار دەرەخ شاخلىرىدا قاقىلدىشاتتى. يېزا كوچىسى شۇنچىلىك رەتلىك، پاكىز، سالقىن ئىدى. ھەتتا ئەمدى قارىياغاچلارغا قۇشقاشلارمۇ شۇنچىلىك رەتلىك چاڭگا سالغانىدى. سالى ئەمدى ئانا ۋە قىز، جۈملىدىن پۈتۈن مەھەللىدىكىلەر بىلەن خوشلىشىۋاتاتتى. سالىنىڭ قىلغان ياخشى ئىشلىرى، ئانا -قىز ۋە يېزا خەلقىگە قىلغان مېھرى-شەپقىتى ۋە ئۆچمەس خاتىرىلىرى پۈتۈن مەھەللە خەلقىنىڭ بولۇپمۇ كىچىك قىزنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرغانىدى. سۆيگۈدىن ئىبارەت ئادەم قەلبىدىكى ھېسسىيات يالقۇنى ئۆزىنىڭ نۇرانە غۇنچىسىنى ھەمىشە ئۆزىگە ناتونۇش نەرسە ئۈستىدىلا ئېچىلدۇراتتى. دېمەك سالى بوۋاينىڭ ئىنسانىي سۆيگۈسى ناتونۇش بىر يېزىدا چېچەك ئاچقانىدى. ئۇزۇتۇپ چىققان ئادەملەر توپى ئىچىدە كىچىك قىز ئانىسىنىڭ ئېتىكىنى تۇتۇپ كوچا ئاغزىدا تۇراتتى. قىز سالىغا يىغلىماسلىققا ۋەدە قىلغانىدى. قىز ئەمدى گۈزەل كۆزلىرىدىكى

ياشنى قاپ-قارا كۆز قارچۇقلىرى ئىچىدە تۇتۇپ تۇرۇشنى ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىشنىڭ ئۆلچىمى قىلغاندەك قىلاتتى. قارا چاچلىرىنىڭ بىرقانچە تېلى قۇياش نۇرى چۇشكەنسىرى يالتىرايتتى. ئاپتاپتا كۆيگەن ئىنچىكە بارماقلىرى قۇياش نۇرى ئاستىدا باشقىچە بىر نۇر چاچىدىغان نەرسىدەك ئادەمنىڭ كۆزىنى قاماشتۇراتتى. بۇ قىز قارىماققا، بىر ئوچۇم تۇپراقتىن يارىتىلغان ئىنسانلارغا ئوخشىمايتتى، بىر پەرىشتە كەبى ئىدى! . كىچىك پەرىشتىنىڭ نىڭ مانا مۇشۇ سىماسى سالى بوۋاينىڭ كۆڭلىدە مەڭگۈلۈك نۇرلۇق ئىزلار قالدۇردى. سالىنىڭ كۆپ-كۆك كۆزلىرىگە چىچىلغان بىر نۇرنىڭ جۇلاسى مەڭگۈلۈك ئورناپ كەتكەنىدى. سالى ئۇلاردىن ئايرىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ پاكىز روھى، ئەمگەكچان قولى، مەرت، ئېسىل پەزىلىتى دېھقانلارنى ئۆز-ئارا ھەمكارلىشىپ، مېھرى شەپقەت يەتكۈزۈش ئارقىلىق ئىگىلىك تىكلەش روھىغا ئىگە قىلغانىدى. ئەمدى ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي مۇھىتى پۈتۈنلەي ياخشىلىنىپ، پارلاق بىر كەلگۈسىگە مۇيەسسەر بولغانىدى. سۆيگۈ-ياخشىلىق ئاداشقان يەلكەنگە ئالتۇن قىرغاق بولغان ئىدى.

ئۇلۇغ تەڭرى ئەسلىدىنلا ئىنسانلارنى مېھرى-مۇھەببەت ئۈستىگە ئاپىرىدە قىلغان، ماھىيىتىنى پەزىلەتلىك قىلغانىدى. ئۆزئارا ياردەملىشىپ، بەختكە ئېرىشىشنى مەقسەت قىلىپ بىرلەشكەن قەۋمنىڭ ئىجتىمائىي جەمئىيىتى ئەلۋەتتە ئەنە ئاشۇنداق گۈللەپ-ياشنىغان پەزىلەتلىك جەمئىيەت بولىدۇ. ئەنە شۇنداق ئۆزئارا ياردەملىشىپ، بەختكە ئېرىشىشنى مەقسەت قىلغان قوۋم-پەزىلەتلىك قوۋم بولىدۇ. پۈتۈن ئىنسانىيەت ئەنە شۇنداق پەزىلەتلىك بولسا بۇ دۇنيا پەزىلەت گۈلزارلىقىغا پۈركەنگەن بولاتتى. سالى جىگەر رەڭلىق ئاتنىڭ ئۈستىدە تىك ئولتۇرۇپ، ئېتىزلىق يوللاردا كېتىۋاتاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ مېھنىتى سىڭگەن بۇ ئېكىنزارلىقلار بىلەن خوشلىشىۋاتاتتى. ئالتۇن يازنىڭ ئەلۋەك پەسلىدە، قويۇق ئۆسكەن بۇغدايلار، بوي تارتقان قوناقلار، ئۆسكىلەڭ چۆپلەر قۇچاق ئىچىپ پۈتۈن ئېتىزلىقنى ئۆز قوينىغا ئالغانىدى. ئېرىقتىكى ئېقىۋاتقان سەدەپتەك سۈزۈك تاغ سۇلىرىنىڭ ئاستىدىكى ئۇششاق تاشلار قۇياشنىڭ ئالتۇن نۇرىدا مەرۋايىتتەك چاقناپ، تۇرۇپ ئاتنىڭ كۆزلىرىنى قاماشتۇراتتى. قويۇق ئۆسكەن بېدىلىكلەر ئارىسىدىن «ۋىتۋالداق... ۋىتۋالداق» دەپ مۇڭلۇق سايرىغان بۆدۈنىلەر، سالى بىلەن خوشلىشىۋاتاتتى. تەبىئەت ئۆز گۈزەللىكىنى ئەزەلدىن بېرى ياخشىلىق، مېھرى-مۇھەببەت، مەرتلىك، پاكلىق بىلەن ئۆزىنى بەختىيار قىلغان سالىغا كۆز-كۆز قىلىۋاتقاندەك قىلاتتى . مانا ،لالە گۈل يۈزىدە ھەسەل ھەرىسى بىلەن كېپىنەك ئۆز ماجىرالىرىنى قوزغىغانىدى. مانا، بۇلبۇل نامسىز بىر گۈلزارلىق ئىچىدە گۈل ھەققىدە مەرسىيە ئوقۇۋاتتى. مانا زەڭگەر رەڭ ئاسماننىڭ ئاستىغا ئاجايىپ گۈزەل ئېچىلغان ئاق، يېشىل، قىزىل، سېرىق رەڭلىق، توق ياپراقلىق گۈللەردىن پاياندار سېلىنغانىدى. مانا پاياندار ئۈستىدە، زەينەپنىڭ لېۋىدە مەي ئىچىپ، غەرق مەس بولغان كاككۇك ناۋا قىلماقتا ئىدى.

..............................

شۇ تەرسا تىلسىماتنىڭ چۇلغۇۋۇرى ئېرپاندا بولغاندەك، بۇ تەرسا ئېتىزلارنىڭ چۇلغۇۋۇرى مېھنەتتە ئىدى. دېمەك سالىنىڭ شەپقەتلىك قەلبى بىلەن مېھنەتكەش قولى بولسا مۇشۇ ئېتىزلىقتىن كائىناتقىچە تۇتاشقان ئىدى. ئۇنىڭ مېھرى-مۇھەببەتكە تولغان سۆز ۋە ھەركىتى ئاشۇ گۈزەل تەبىئەت قوينىدا قېلىپ قالغانىدى. سالى شۇنداق قىلىپ ئۆيگە قايتىپ كەلدى. ۋاپادار ئايالى بىلەن ئوغلى ئۆي بىلەن دۇكاننىڭ ئىشلىرىنى كۆڭۈلدىكىدەك ئېلىپ ماڭغانىدى. ھەم ئۇلار سالىنىڭ كەلگىنىدىن شۇنچىلىك خوش بولغانتى، ئەمما يەنە سالىدىن،«نېمە بولدى، نېمە ئۈچۈن يالغۇز يېرىم يولدىن قايتىپ كەلدىڭ، نېمە ئۈچۈن داۋۇتتىن

www.uyghurkitap.com

ئايرىلىپ ياندىڭ ؟ » دەپ بىرمۇنچە سوئاللارنى سورايتتى. ئۇ پەقەتلا:«ئۇلۇغ تەڭرى نېسىپ قىلماپتۇ. يولدا پۇلۇمنى يۇتتۇرۇپ قويدۇم. شۇڭا داۋۇتتىن ئايرىلىپ قايتىپ ياندىم. مېنى كەچۈرۈڭلار» دەپ، سالماقلىق بىلەن جاۋاپ بەردى. داۋۇتنىڭ ئايالىمۇ كىرىپ داۋۇتنى سورىغاندى . «مەن پۇلۇمنى يۇتتۇرۇپ قويغاندىن كېيىن، داۋۇت يولنى داۋام قىلىپ مېڭىشقا مەجبۇر قالدى. خۇدايىم بۇيرىسا ئۇ مۇقەددەس ۋەزىپىنى بىجا كەلتۈرۈپ ئاز ۋاقىتتىن كېيىن چوقۇم قايتىپ كېلىدۇ» دەپ ئۇلارنى خاتىرجەم قىلدى.

ئەمما قازانچى مەھەللىسىنىڭ دوقمۇشىدا سالى توغرۇلۇق پاراڭلار قىززىپ كەتكەنىدى. بەزىلەر «بۇنداق ئۇلۇغ سەپەردە نىيەت بەك مۇھىم، ئەگەر نىيىتىڭ خالىس بولمىسا، ئەنە ئاشۇنداق پۇلنى ئوغرى ئالىدىغان گەپ» دېيىشە يەنە بەزىلەر ھەي بۇ ئىشنىڭ ئىچىدە باشقا بىر ئىش بار. شۇنداق ئەقىللىق، ياخشى بىر ئادەمنىڭ يولدا پۇلنى يۇتتۇرۇپ قويۇپ، ئارقىسىغا قايتىشىغا ھەرگىز ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ. «دەيتتى. يەنە بەزى ئادالەتنى تاۋۇتقا سالىدىغان بۆھتان جامائەت :ئىزىغدىن تىكەن ئۈنسە، ئەۋلاتلىرىغىنىڭ پۇتىغا سانجىلىدۇ، دىگەنىدەك، بۇ تاقا يول ئازاۋىغا چىدىماي قايتىپ كەلگەن گۇناھىنىڭ ئۇۋالىغا باللىرى قالمىسا بولاتتىغۇ» دەپ بۆھتان چاپلايتتى.

سالى ئۆزىنى ۋە ئۆز مۇھتىنى ئەينەن بىلگەن كىشى بولغاچقا، ئۇشۇق گەپ قىلماي ئۆز ئىشىنى قىلىۋەردى. «نۇرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى سايىلەرگە ئورۇن قالدۇرمايدۇ» دەپ بىر ۋاقىتلاردىن كېيىن بۇ ئىشلارمۇ ئۈن_تۈنسىز جىمىپ كەتتى.

( 5 )

ئەمدى داۋۇت «چاپان» شۇ ماڭغانچە چىمكەتكە بېرىپ توختىغانىدى. ئۇ يەردە بىر مەزگىل سالىنى ساقلىدى ۋە يولدىن ئۆتكەن كارۋانلارغا سالىنىڭ تۇرقىنى تەسۋىرلەپ بېرىپ، ئۇلاردىن كۆرگەن_كۆرمىگەنلىكىنى سورىدى. ئەمما ئۇ ھەممىسىدىن «كۆرمىدۇق» دىگەن جاۋاپقا ئېرىشكەنىدى. ئاخىرى سالى كەلمىگەندىن كېيىن، «بەلكى سالى باشقا بىر يول بىلەن مېنىڭ ئالدىمغا ئۆتۈپ كەتكەن ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىدى. لېكىن سالىنىڭ كەلمىگىنىدىن يەنىلا ئىچى تىت_تىت بولاتتى. ئۇ ھاۋ لىۋىدە يىلتىزلىرى ئېچىلىپ قالغان دىقماق دەرەختەك ئەنسىزلىكتىن خالىي بولالمىغانىدى. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ھەج سەپىرىگە ماڭغان ئۆزبېك كارۋانلىرىغا قوشۇلۇپ يولنى داۋام قىلدى ۋە ئۇزۇن بىر سەپەردىن كېيىن ئەزەربەيجانغا كەلدى ۋە ئۇ يەردە ئات_ئۇلاقلارنى ئۆتەڭچىگە قارىتىپ قويۇپ، پاراخوت بىلەن 7_ئاينىڭ باشلىرىدا ئىستانبۇلغا يېتىپ كەلگەن ئىدى. بۇ دەۋر، تارىختا 500 يىلدىن ئوشۇق سەلتەنەت سۈرۈپ 1_دۇنيا ئۇرۇشىدا مەغلۇپ بولغان ئوسمانىيە ئىمپىراتورلىقىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىگە توغرا كېلەتتى. ئىستانبۇلنى ئەنگىلىيە بېسىۋالغان مەزگىل ئىدى.

ئىستانبۇل كوچىلىرى، ئۆزلىرىنىڭ غەلىبە خوشاللىقىدىن ھوزۇرلىنىپ، ئۇرۇش خۇمارلىقىنى تەنتەنە قىلىپ، مەغرۇر يۈرۈشكەن ئېنگىلىس ئەسكەرلىرى بىلەن تولغان ،نورمال پۇقرالار بولسا مۇھتاجلىق ئىچىدە قالغانىدى. ھەريەردە چوڭقۇر ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلەر، قارايغان قورۇقلار، ئاچچىق تەر پۇرىقى، ھارغىن تىنىشلار، چوڭقۇر ئىزتىراپقا چۆككەن كىشىلەر ئۇچرايتتى. ترامۋايلار، كونا قەلئەلەر، كونا رەستىلەر، ئىگىز ھەيۋەتلىك قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان مەسچىتلەر، كۆپ_كۆك تىنىق دېڭىز، ھىچ بىر ۋاقىت كۆرۈپ باقمىغان چوڭ تۇرخۇنلىرىدىن قاپ_قارا ئىس چىقىرىپ كېتىۋاتقان ئەجنەبى پاراخوتلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. توپ كاپى سارايىنىڭ ئۈستىدىكى توپلانغان قارا بۇلۇتلار كۆك ئاسماننى قارايتقانىدى. ئەمما باتۇر تۈرك خەلقى ئۈمىدىنى ئەسلا يوقاتمىغانىدى.

گېنېرال مۇستاپا كامالنىڭ باشچىلىقىدا ۋەتەن ئۇرۇشى باشلانغانىدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن پۈتۈن ياشلارنى ئاناتولىيىگە سەپەرۋەرلىك قىلىش ھەركىتى ھەر يەردە باشلانغانىدى. ھەتتا يولدىشىدىن ئايرىلغان تۇل ئاياللار بالىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ كۆرەشكە ئاتلانغانىدى.

ئۇلار ئۆز قەلبىدە: «بىز ئەرسىز ياشىيالايمىز، ئەمما، بالىلىرىمىز ۋە بىز ۋەتەنسىز ياشىيالمايمىز» دەپ ئويلايتتى. داۋۇت قوشۇلىۋالغان ھەج قىلغۇچى ئۆزبېكلەر گۇرۇپپىسى، قىرىم تاتارلىرىدىن بىرى ئاچقان پاكىز، رەتلىك ئورۇنلاشتۇرغان مېھمانخانىغا ئورۇنلاشقانىدى. تاماق ۋاقتىدا ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ئۇرۇشى توغرىسىدا پاراڭ بولدى. قىرىملىق تاتار خوجايىن ئەسلىدە ئوقۇمۇشلۇق، بىلىملىك ھەم باي ئۆتكەن كىشى بولۇپ، قىرىمنى رۇسلار بېسىۋالغاندا تۈركىيىگە كېلىپ پاناھلانغانىكەن. ئۇ ھازىرقى دۇنيا ۋەزىيىتى جۈملىدىن تۈركىيىنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ئەھۋالىدىن تولۇق خەۋەردار بولۇپ، مۇستاپا كامالنىڭ جەڭگىۋار قوشۇنلىرى توغرىسىدا تەسىرلىك ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بەردى. ئۇ ئاخىرىدا: «پەزىلەتلىك دۆلەتنىڭ تاشقى جەھەتتىكى ۋەزىپىسى دۆلەت ۋە خەلقنى تاشقى دۈشمەنلەرنىڭ تاجاۋۇزىدىن قوغداش. ئەمدى تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىنى قوزغاش رەزىللىكتىن ئىبارەت بولۇپ، ئۆز ئارا قىرىپ يوقۇتۇش ھايۋانات دۇنياسىدىكى ھۆكۈمرانلىق پرىنسىپىدۇر. بۇلارنى ئىنسانلارغا قوللىنىش رەزىللىكتۇر. باشقىلارنىڭ زېمىنىغا بېسىپ كىرىپ، ئۇلارنى بويسۇندۇرۇشنى مەقسەت قىلغان ئۇرۇش ھەققانىيەتسىزلىكتىن ئىبارەت. ئەمدى ئۆز دۆلىتىنى مۇستەملىكىچىلەردىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان ھەرقانداق ئۇرۇش ھەققانىيەت ئۇرۇشىدۇر. بۇنداق ھۆرلۈك ئۈچۈن كۆرەش قىلغان ھەربىر كىشى پەزىلەتلىك كىشىدۇر» دېدى.

بۇ گۇرۇپپىدا ۋاپات بولغان دادىسىنىڭ ۋەسىيىتىگە ئاساسەن ھەجگە ماڭغان نەمەنگەنلىك دوغىلاق، ئاق يۈزلۈك كەلگەن، كۈچ-قۇۋۋەتكە تولغان بىر ئۇيغۇر يىگىتى باردى. ئۇيغۇر يىگىت قىرىملىق تاتار خوجايىنىنىڭ بۇ تەسىرلىك ھېكمەتكە باي سۆزلىرىدىن قاتتىق تەسىرلەنگەن بولۇپ، ئورنىدىن تۇرۇپ: «تۈركىيە پۈتۈن جاھان تۈركلىرىنىڭ قورغىنى. ئەگەر بۇ قورغان يىقىلسا تۈرك خەلقى پاناھلىنىدىغان جاي قالمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ ھازىرقى مۇقەددەس ۋەزىپىمىز ماشۇ قورغاننى قوغداشتىن ئىبارەت!» دېدى.

ھەقىقەت شۇنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتىكى، دەل شۇ چاغدا ھاقارەتلىنىۋاتقان تۈرك خەلقىنىڭ ۋىجدانى، ۋەتىنى،قورغىنى ئىدى. ئۇيغۇر يىگىتىنىڭ سۆزى بىلەن تەڭ ئارقا-ئارقىدىن باشقىلارمۇ سۆز قىلىشتى. شۇنداق قىلىپ بۇ ئوتتۇز كىشىلىك گۇرۇپپىدىن ئىككى قولىدا قورال تۇتقىدەك كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ھەج سەپىرىنى ماشۇ يەردە توختۇتۇپ، پىدائىيي بولۇپ كەتتى. تارىخ ئاجايىپ ئەزىمەتلەرنى يارىتىدۇ ۋە يوقىتىدۇ. ئۇنىڭ ئەقىدىلىك مەشغۇلاتى بولسا پائالىيەت ئېلىپ بارغان بۈگۈننىڭ يېڭى ئەزىمەتلىرىنى پەرپا قىلىشىدىن ئىبارەت. ئۆز غورۇرىنى دەپسەندە قىلغان، جاسارەتسىز مىسكىننى، ئالەمنىڭ رەھىمسىز قۇملىرى غەرىق قىلىۋېتىدۇ. داۋۇت ھاياتىنىڭ رەڭسىز قىپيالىڭاچ چىنلىقى ئالدىدا كۆزىنى ئۇۋۇلىدى. باياتىن ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈۋاتقانلار ئالدىدا تېڭىرقاپ قالدى ۋە ئىچىدە: «ئۇلۇغ تەڭرىم مۇشۇ ئۇلۇغ سەپىرىمنى ئاسان قىلغايسەن. ھەجدىن ئىبارەت بۇ مۇقەددەس پەرزنى ئادا قىلىشقا مۇيەسسەر قىلغايسەن» دەپ دۇئا قىلدى.

( 6 )

داۋۇت ئاخىرى بۇ مۇقەددەس زېمىن مەككىگە ئاياق باسقانىدى. تىرناقلىرى پاكىز ئېلىنغان، ساقاللىرى رەتلىك ياسىتىلغان، ۋۇجۇدىدىكى پۈتۈن كىرلەر

www.uyghurkitap.com

تازىلانغان، ئۈستىگە ئاپپاق ئېھرام ئارتىۋالغانىدى. ئۇ يولدا تارتقان پۈتۈن جاپالىرىنى ئۇنتۇپ، يىپ-يېڭى بىر روھقا ئىگە باشقىچە بىر ئادەم بولۇپ قالغانىدى. مانا بۇ مۇبارەك تۇپراقنىڭ ھاسىلاتلىرىدىن بىرى ئىدى. ئۇ ئەمدى كەبىنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ تاۋاپ قىلىۋاتقان ئىنسانلار دېڭىزىغا قوشۇلدى. كەبىنىڭ ئاتراپىدا ئايلىنىپ دۇئا قىلىۋاتاتتى ۋە كاللىسىدا يەنىلا سالىنى ئويلايتتى، ئەتراپىدىكى مىللىيونلىغان ئىنسانلار ئارىسىدىن سالىنى ئىزلەيتتى، ھەممىسى كۆزىگە كۆكتىن چۈشكەن ئاپپاق بۇلۇتتەك كۆرۈندى. شۇ ئەسنادا كۆزىگە سالىنىڭ سىماسى نامايەن بولدى ۋە ئەتراپىدا ئون ئىككى پىدائىينىڭ سىماسى كۆرۈندى. ئۇ: « بۇ مۇمكىن ئەمەس، سالىنىڭ ئالدىمغا ئۆتۈپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس. بولۇپمۇ بۇ ئون ئىككى پىدائىيچۇ، ئۇلار ئاناتولىيىگە يول ئالغان ئىدىغۇ؟»... داۋۇت مانا ماشۇ ئەندىشە ئىچىدە ئۇلارغىمۇ دۇئا قىلىشقا باشلىدى. ئەمدى ئۇ ئۆزىنى پۈتۈنلەي ئۇنتىغانىدى. ھەرەمنىڭ ئىچىدە ناماز قىلىپ، ئۇلۇغ تەڭرىگە دۇئا قىلدى، ئىچىدىكى مۇزلار ئېرىگەندەك بىر روھىي ھالەتتە ئىدى. ئۇ بىردىنلا يېنىدا يەنە سالىنى كۆرگەندەك بولدى.

بۈگۈن ئارافات تېغىغا چىقىپ رەسمىي ھەج پائالىيىتى ئېلىپ بارىدىغان كۈن بولۇپ، مىليونلاپ كىشىلەر بۇ يەرگە يىغىلغانىدى. بۇ يەردە ھەممە ئادەم باراۋەر ئىدى. باراۋەرلىك ئىنسانىيەتنىڭ ئىززىتى ۋە ئىپتىخارىنىڭ جەۋھىرى. باراۋەرلىك تۇيغۇسى ئادالەت ۋە يۈكسىلىشنىڭ مەشئىلى ئىدى. داۋۇتنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى ئىللىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ روھى بىردىنلا قاراڭغۇ زىنداندىن قۇتۇلۇپ، يورۇقلۇققا چىققاندەك ۋە تەڭرىنىڭ قۇدرەتلىك كۈچىنى كۆرگەندەك بولدى. بۇ يەر ھېچقاندەك گىياھ يوق تاشلىق بولسىمۇ، ئۇنىڭغا يەر يۈزىدىكى ئەڭ كۆپ دەرەخ، ئەڭ كۆپ قۇياش نۇرى، ئېخىمۇ كۆك ئاسمان بار بىر مەنزىرىدەك تۇيۇلدى. پۈتۈن كىشىلەر ئۇنىڭغا كۆكتىن چۈشكەن ئاپپاق بۇلۇتتەك كۆرۈنەتتى. شۇنداق ئىسسىق بولسىمۇ ئۇسسۇزلۇقنى تەڭرىگە بولغان تۈگىمەس مۇھەببەت بۇلاقلىرى بىلەن قاندۇرغانىدى. بىردىنلا كۆز ئالدىدىن روھلار ئۆتكەندەك، روھلار يېنىك نەپەس ئېلىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. كۆزىگە يەنە سالى ۋە ئون ئىككى پىدائىي كۆرۈنگەندەك بولدى. سالىنىڭ بەدىنى تىترىدى، ئەمما ۋىجدانى راھەت ئىدى. چۈنكى ئۇ شۇ تاپتا مۇقەددەس ۋەزىپىنى ئورۇنداۋاتاتتى. ئىچىدە ئىللىق سۆيگۈنىڭ ئوتى ياناتتى. چۈنكى بۇ يەر «بىرىنچى گۇناھنىڭ» ئىگىلىرى بولغان، قەلبى سۆيگۈ مۇھەببەت كەۋسەرى بىلەن سۇغۇرۇلغان ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانىنىڭ مۇبارەك ئاياغلىرى تېگىپ، سۆيگۈ، ياخشىلىق، پەزىلەتلەرنىڭ زېمىنغا ئاپىرىدە بولغان جاي ئىدى. چۈنكى بۇ يەر ھىجرىيەنىڭ ئونىنچى يىلى (مىلادى 632 -يىلى) سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق ھەجدە، ۋىدالىشىش خۇتبىسى سۆزلىگەن مۇبارەك جاي ئىدى. ئۆز ۋاقتىدا مۇھەممەد پەيغەمبىرىمىز بىز ئىنسانلارغا ئەڭ ئاخىرقى قېتىم مۇنداق خىتاپ قىلغان:«بىسمىللاھىرراھم انىررەھىم. ئەي ئىنسانلار! سۆزلىرىمنى ياخشى ئاڭلاڭلار!، بىلمەيمەن، بەلكى بۇ يىلدىن كېيىن سىزلەر بىلەن بۇ يەردە يەنە بىر قېتىم ئۇچرىشالامدىم. ئىنسانلار!، بۈگۈنكى كۈنلىرىڭلار قانداق مۇقەددەس بىر كۈن بولسا، بۇ ئايلىرىڭلار قانداق مۇقەددەس بىر ئاي بولسا، بۇ شەھەر (مەككە) قانداق مۇبارەك بىر شەھەر بولسا، جېنىڭلار، مېلىڭلار، ئار-نومۇسۇڭلارمۇ شۇنداق مۇقەددەستۇر. ھەر تۈرلۈك تاجاۋۇزدىن ساقلانغاندۇر، ھەرگىز مېنىڭدىن كېيىن بۇرۇنقى جاھىلىيەت دەۋرىگە قايتماڭلار ۋە بىر-بىرىڭلارنىڭ بوينىغا ....قىلىچ ئۇرماڭلار! بۇ ۋەسىيىتىمنى، بۇ يەردىكىلەر باشقىلارغا يەتكۈزسۇن. ئەي مۆمىنلەر!، سىزلەرگە ئىككى ئامانەتنى

قالدۇرماقچىمەن، ئۇلارغا ئېسىلساڭلار يولۇڭلاردىن ھېچ ئازمايسىلەر. ئۇ ئامانەتلەر ئاللاھنىڭ كىتابى» قۇر ئان كەرىم ۋە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۈننىتىدۇر....

كەچ كىرىپ قالغانىدى. مەككە ئاسمىنىدا يۇلتۇزلار پارقىرايتتى، ئۇپۇقتا يۈكسەلگەن ھىلال ئاي، شۇ پەيتتە كەبىنىڭ ئۈستىدە نۇرلۇق بىر پەردەك يالتىراپ تۇراتتى. داۋۇتنىڭ خىيالىغا سۆيۈملۈك ئايالىنىڭ مېھرىبان سىماسى ۋە باللىرىنىڭ يېقىملىق چېھرى كەلگەنىدى.

( 7 )

داۋۇت بۈگۈن ئۆزىنىڭ مۇقەددەس ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىپ، ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، ئۆزى ئۇچۇن نۇرلۇق چىراق يېقىلغان، روھىغا تىنچلىق ئاتا قىلىدىغان يەنە بىر مۇقەددەس جاي ئىلىغا قاراپ ئاتلانغانىدى. ئۇ يول ئۈستىدە ئىستانبۇلدىكى قىرىم تاتار خوجايىنىنىڭ پاكىز مېھمانخانىسىغا چۈشۈپ، ئۆمۈرىنىڭ قامۇسىغا مەنە قوشۇش ئۇچۇن قوللىرىغا قورال ئالغان ئون ئىككى پىدائىيىنىڭ مۇستاپا كامال ئاتا تۈرك باشچىلىقىدىكى ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ئۇرۇشىدا ئۆزلىرىنىڭ ئىسسىق قانلىرىنى ئاققۇزۇپ، قەھرىمانلارچە قۇربان بولغانلىقىنى ئاڭلىدى. مانا بۇ تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىدىن ئىبارەت مەزمۇت قورغاننىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى پىداكار، باھادىر ئەزىمەتلەرنىڭ ئىسسىق قانلىرى بىلەن تۈرك مىللىتىنىڭ ئىسسىق قانلىرى قوشۇلۇشىدىن قۇرۇلغانلىقىنىڭ بىر ئەمەلىي پاكىتى ئىدى.

داۋۇت داۋاملىق سەپىرىنى داۋام قىلىۋاتاتتى. ئۇ يول ئۈستىدە قەدىناس دوستى سالىدىن ئايرىلغان ھېلىقى ۋەيرانە يېزىغا كېلىپ قالغانىدى. ئەمما،يېزا كەچ كۈزنىڭ ئالتۇن نۇرلىرىدا ئاستىدا بەھەيۋەت كۆرۈنەتتى. پۈتۈن يەر ئۆزگەرگەن، بۇغدايلار ئورۇلغان، خامانلار سورۇلغانىدى. ياپراقلىرى سارغايغان دەرەخ شاخلىرى ئارىسىدىكى رەتلىك سېلىنغان قۇش چاڭگىلىرى، شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان مارجاندەك تاغ سۇلىرى، كىشىلەر يۈزىدىكى تەبەسسۇم، پاكىز رەتلىك ھويلىلار.. دىمەك ھەر يەرنى، ھەر كىمنى مۇھەببەت - سۆيگۈنىڭ دولقۇن - ئۆركىشى قاپلىغاندەك قىلاتتى. لاچىنمۇ بۇ مەھەللىنىڭ ھۆسنىدىن زوقلىنىپ، زەڭگەر ئاسماندا بەختىيار قانات قاقماقتا ئىدى. داۋۇتنىڭ ئۆزىمۇ ئۆزگەرگەن بولۇپ ، قەلبىدە سۆيگۈنىڭ ئۇرۇقى بىخ تارتقانىدى. سۆيگەنسېرى، ئۇنىڭ سۆيگۈ تۇيغۇسى ئاشماقتا. داۋۇت بۇلاق بېشىغا كېلىپ، ئورۇقلاپ كەتكەن جىگەر رەڭلىك ئېتىنىڭ چۇلۇۋۇرىنى تارتىپ توختىدى.

بۇلاق بېشىدا پاكىز، رەتلىك كىيىنگەن، ساقال-بۇرۇتلىرى پاكىز ئېلىنغان، پاكار بويلۇق، دوغىلاق كەلگەن بىر ئادەم سۇ ئېلىۋاتاتتى. چىغرىق چۆگىلەۋاتاتتى. يېپ-يېڭى ئارقان چىغرىققا رىتىملىق يۆگىلىۋاتاتتى. چىغرىقنىڭ ئوك ئۇچىغا بىر تال كونا ئۇپراپ نېپىزلاپ كەتكەن تاقا مىقلانغانىدى. چىغرىق ھەر 360 گىرادۇس ئايلانغاندا تاقىنىڭ سۈزۈك يۈزىگە كەچ كۈز قۇياشىنىڭ ئالتۇن نۇرى چۈشەتتى-دە، ۋاللىداپ پاقىراپ ئۆز نۇرىنى ئەتراپقا سېخىيلىك بىلەن چاچاتتى. دەل ماشۇ چاغدا تاقىدىن چاقنىغان بىر تال نۇر ئۇچقۇنى داۋۇت ھاجىنىڭ كۆزىنى قاماشتۇردى. داۋۇت ھاجى تاقىنى كۆرۈپ، قەدىناس دوستى سالى «تاقا» يادىغا كەلدى ۋە دوغىلاق ئادەمگە سالىنىڭ تەققى-تۇرقىنى دەپ، ئۇ توغرىلۇق سورىدى. پاكار بويلۇق، دوغىلاق ئادەم ھاياجان ئىچىدە سالىنىڭ پۈتۈن ياخشى ئىش-ئىزلىرىنى بىر-بىرلەپ ھېكايە قىلىپ بەردى. سالىنىڭ ئاشۇ ياخشىلىقى پۈتۈن يېزا خەلقىنىڭ ھاياتىنى ئۆزگەرتكەنىدى. بۇ يەردىكى ھەممە نەرسىنىڭ گۈزەللىكىگە پەقەت ۋە پەقەتلا سالى بوۋاينىڭ بىۋاستە سەۋەب بولغانلىقىنى ئاڭلىدى. داۋۇت ھاجىنىڭ كۆزىنى قاماشتۇرۇپ، ئاچقۇزمىغان چىغرىققا مىقلانغان تاقا بولسا سالى بوۋاي مىنگەن ئاتنىڭ چۈشۈپ قالغان تاقىسى ئىكەن. يېزا خەلقى ھەر قېتىم قۇدۇقتىن

www.uyghurkitap.com

سۇ ئالغاندا سالى بوۋاينى خاتىرىلەپ تۇرۇش ئۈچۈن، بوۋاي ئۆز قولى بىلەن ياسىغان بۇ چىغىرىقتا مىخلاپ قويغانىكەن. پاكار، دوغىلاق كەلگەن ئادەم ئاخىرىدا: «بىز پۈتۈن يېزىدىكىلەر ئۈمىدىمىزنى يوقاتقانىدۇق. ئۇ بىزگە ئۈمىد بەردى. بىزگە سۆيگۈنى، ئىنساندەك ياشاشنى ئۆگەتتى. بىزگە بۇ دۇنيادىمۇ ياخشى ئىنسانلارنىڭ بارلىقىنى كۆرسەتتى، بىزگە ئاللاھنى تونۇتتى. سالى بوۋاي ئەسلىدە ئۇلۇغ ئاللاھ تەرىپىدىن بىزگە ئەۋەتكەن خىزىر ئىكەنتۇق. ئۇ ئۆزىنىڭ نەردىن كەلگەنلىكىنىمۇ دىمەيلا كەتتى.» دېدى.

داۋۇت ھاجىنىڭ شۇ تاپتىكى تۇيغۇسى خۇددى چىغىرىقتا مىخلانغان تاقىدەك ۋال-ۋۇل قىلىپ چاقناپ كەتتى. مۇقەددەس ماكان مەككىدە ئۈنى ۋە ئون ئىككى پىدائىيىنى كۆرگەندەك مەنزىرە كۆز ئالدىغا كەلدى. داۋۇت ھاجى دوغىلاق، پاكار ئادەم بىلەن خوشلۇشۇپ ھېلىقى كەلگەن يوللار بىلەن ئۇدۇل ئۆزىنىڭ قەدىناس مەھەللىسى قازانچى دوقمۇشىغا كېلىپ قالغانىدى. دوقمۇشتا پاراڭلىشىپ ئولتۇرغان بىكارچىلار يەنىلا جايىدا تۇراتتى. داۋۇت ھاجىنى يىراقتىن كۆرۈپلا، ھوي داۋۇت «چاپان» كەپقاپتىغۇ دىيىشتىيۇ ئاندىن دەرھال «چاپان» دېگەن بۇ قەدىناس لەقەمنىڭ ئورنىغا «ھاجى» دېگەن مۇبارەك نامنى ئالماشتۇردى. ھەممىسى «ھاجىم خوش كەلدىڭىز، ئامان - ئېسەن قايتىپ كەپسىز، يوللاردا جاپا تارمىغانسىز مۇبارەك بولسۇن» دەپ سەممىمي كۆرۈشتى ھەتتا ئارىسىدىن بىرسى داۋۇت ھاجىنىڭ چاپىنىنىڭ پەشلىرىنى يۈزىگە سۈركىگەنلەر، قوللىرىغا سۆيگەنلەرمۇ بولدى. ئارىسىدىن ۋىجىك بىرى :«نىيەتلىرى خالىس ئادەم ئىكەنلا بىلمەپتۇق، نىيىتى دۇرۇست بولمىغانلارنىمۇ كۆردۇق، ئۆيىدىن تالاغا چىقالماي، دەرەخ چاتاپ يۈرىدۇ» دەپ بىلجىرلىدى. داۋۇت ھاجىغا بۇ گەپلەر ياقمىغان بولسىمۇ، يەنە ئۇلار بىلەن سەممىي خوشلۇشۇپ، ئالدىراپلا ئۇدۇل ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. چۈنكى يول بويى، «مەن كەتكەندىن كېيىن ئايالىم بىلەن بالام نېمە قىلغاندۇ؟ تۇرمۇشتا قىينالغانمىدۇ؟ ئوغلۇم ئىش-ئوقەتنى قانداق ئېلىپ بارغاندۇ؟» دەپ ئۇلارنىڭ غېمىنى قىلسا يەنە بىر تەرەپتىن سالىنى ئويلاپ كەلگەنىدى. داۋۇت ھاجىنى كۆرۈپلا ئايالى ھاجىمغا ئېسىلىپ بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. بۇ بىر تەرەپتىن خۇشاللىق يىغىسى بولسا يەنە بىر تەرەپتىن ئۆز دەرتلىرىنى تۆكىۋاتاتتى. چۈنكى داۋۇت ھاجى كەتكەندىن كېيىن ئۆينىڭ ئىشلىرى تازا كۆڭۈلدىكىدەك يۈرۈشمىگەنىدى. ھۈنەرنى چالا ئۆگەنگەن ئوغلى ھېچ ئىش قىلماي بار دەسمىنى يېتىپ يەپ، ھەتتا بەزىدە ئۆيگە مەس كىرىپ، موماينى كۆڭۈلنىڭ ئارامىنى قويمىغانىدى. ئىقتىساد جەھەتتىنمۇ قىينىلىپ قالغانىدى. ماددىي ۋە مەنىۋىي جەھەتتە بوھران ئىچىدە قالغان مۇشۇنداق بىر پەيتتە، يولدىشىنىڭ ئۆيگە تۇيۇقسىز ئۈنىشى موماينى بەكمۇ ھاياجانغا سالغانىدى.

(8)

تاڭ قۇياشىنىڭ جىلۋىسى مىڭلارچە توز قاناتلىرىنىڭ جەۋلانىدەك قازانچى مەھەللە ئاسمىنىغا بەھەيۋەت شولا تاشلاپ تۇراتتى. سالى بوۋاينىڭ قوروسى ئۈستىدە بىر پارچە بۇلۇت ئاققۇدەك لەيلەپ يۈرەتتى. سالى بوۋاي كۈزنىڭ نەم ھاۋاسى قاپلىغان باغدا، تېرەكلەرنىڭ شاخلىرىنى چاتاۋاتاتتى. تېرەكلەرنىڭ تۈۋىدىكى ئۆستەڭدە شوخ سۇ چۇرۇقلايتتى. شاخلىرى بىر - بىرىگە چىرمىشىپ كەتكەن تېرەكلەرنىڭ سارغايغان يوپۇرماقلىرى كۈن نۇرىدا سېرىق كېپىنەكتەك غىلىلداپ، گويا ئاسماندىن ئالتۇن تەڭگە تۆكۈلىۋاتقاندەك بىلىنەتتى. داۋۇتنىڭ كەلگىنىنى ئاڭلىغان سالى كۆڭلىدە، قولىدىكى ئىشلىرىنى تۈگىتىپلا ئۇنىڭ قېشىغا چىقىشنى ئويلاپ تۇرغاندا، داۋۇت ھاجى «ئەسسالامۇئەلەيكۇم» دەپلا سالىنىڭ قورۇسىغا كىرىپ كەلدى. سالى داۋۇتنىڭ ئۈنىنى ئاڭلىدى-دە، قولىدىكى ئىشنى تاشلاپ، ئۇنىڭ ئالدىغا قاراپ ماڭدى. ئىككىسى نەچچە ئون يىل ئايرىلغان قېرىنداشلاردەك سەممىي قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. ئاشۇ تىنىمسىز چاۋاك چېلىپ،

پىچىرلىشىپ تۇرىدىغان شوخ يوپۇرماقلار ئىككى بوۋايغا ھەۋەسلەنمەكتە ئىدى.

سالى، داۋۇت ھاجىنىڭ مۇبارەك زېمىن مەككىگە بىرىپ مۇقەددەس ۋەزىپىنى غەلبىلىك ئورۇنداپ، ھاجى بولۇپ كەلگەنلىكىنى تەبرىكلىدى ۋە «خوش كەلدىڭ، بىزنى ئالەمچە بەختىيار قىلدىڭ، يوللاردا كۆپ جاپا تارتمىغانسەن» دەپ سورىدى.

داۋۇت ھاجى: «قانداق بولاتتى خوشنام، سەنسىز بىرئاز تەس بولدى. ئەمما يەنە ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن، مۇبارەك ماكانغا بىرىپ تاۋاپ قىلىپ كەلدۇق. سېنىڭ ئۈچۈن دۇئا قىلدىم ۋە ساڭا زەمزەم سۈيىدىنمۇ ئالغاچ كەلدىم. لېكىنزە ئاللاھ ھاجىمىزنى قوبۇل قىلدىمۇ، قىلمىدىمۇ؟ بۇ بىزگە نامەلۇم...» سالى سالماقلىق بىلەن: «ياق ھاجىم ئۇنداق دېمىسىلە، ئىنشائاللاھ قوبۇل قىلدى. تەڭرى مېھرىباندۇر. تەڭرى بىزلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىمىزگە، ئۆتكۈزگەن گۇناھ ۋە ياخشىلىقىمىزغا قاراپ ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ ئۇلۇغلىقى ۋە شەپقەتلىكىگە قاراپ گۇناھلىرىمىزنى كەچۈرىدۇ ۋە دۇئا، ئىبادەتلىرىمىزنى قوبۇل قىلىدۇ» دېدى.

داۋۇت ھاجى :«مەن ھەممىنى بىلدىم. مەن قايتىشتا، سېنى تاشلاپ كېتىپ قالغان ھېلىقى يېزىغا كىلىپ، سەن ياسىغان بۇلاق بېشىدا ...» دېيىشىگە، سالى قاتتىقراق يۆتۈلۈپ، داۋۇت ھاجىنىڭ سۆزىنى كەستى-دە :«بۇ تەڭرىنىڭ ئىلكىدىكى ئىش، ھاجىم. پېشانىمىزگە پۈتۈلگىنى شۇنداقكەن. جۇر ئۆيگە كىرىپ بىر پىيالىدىن چاي ئىچەيلى ھەمدە بۇ مۇبارەك زەمزەم سۈيىگە ئېغىز تەگكۈزەي» دەپ گەپنى بۇرىدى.

داۋۇت ھاجى بۇلاق بىشىدا ئاڭلىغانلىرىنى، ئىستانبۇلدىكى ئۇن ئىككى پىدائىي توغرىسىدا ۋە كەبە ئەتراپىدا، ئاراپاتتا كۆرگەنلىرىدىن ھېچ سۆز ئاچمىدى. ئۇ ھەممىنى چۈشەنگەنىدى. ئۇ ئاللاھنىڭ، ئىنسانلاردىن مېھرى-مۇھەببەت ۋە ياخشى ئىش - ھەركەتلەرنى قىلىشقا، ئاۋۋال نېمىنى قىلىش زۆرۈر بولسا شۇنى قىلىشقا، ئىبادەتنى توغرا، خالىس نىيەت بىلەن قىلىشقا ئۈندەيدىغانلىقىنى چۈشەنگەنىدى. بولۇپمۇ «ئاللاھ كىمگە ياخشىلىقنى ئىرادە قىلسا، ئۇنى دىنىنى چۈشىنىدىغان قىلىدۇ» دېگەن بۇ ھەدىستىكە قارىغاندا تېخىمۇ چۇڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر مەناسى بىلەن تونۇپ يەتكەنىدى.

خاتىمە:

ئىلىنىڭ قازانچى مەھەللىسىدىكى سالى «تاقا» بىلەن داۋۇت «چاپان» نىڭ ھېكايىسى مانا مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتى. ئارىدىن يىللار ئارقا-ئارقىدىن سۈدەك ئېقىپ كەتتى. يىللار داۋامىدا بۇ مەھەللىدىن نى-نى ئالىملار، شائىرلار، ناخشىچى - سازەندىلەر، داڭلىق مائارىپچىلار، باتۇرلار، قەھرىمانلار، ئېسىل پەزىلەتلىك كىشىلەر يېتىشىپ چىقتى ۋە چىقىۋاتىدۇ. تارىختىكى ۋەقە ۋە ھادىسىلەر تەكرارلىنىۋاتىدۇ، ئەمما لېكىن سالى بىلەن داۋۇتنىڭ قورۇسىدىن ئاقىدىغان «شاغىلىق ئۆستەڭ» قۇرۇپ كەتكەنىدى. چۈنكى لەڭزە بېشىدىكى مىڭلىغان بۇلاق كۆزلىرىدىن ئاققان ياشلار قۇرۇپ تۈگىگەنىدى.

2016 - يىلى 10 - ئاينىڭ 16 - كۈنى
گېرمانىيە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## غۇنچىلار قەلىمىدىن



# ئىلمىي ئىزدىنىش ـ كېلەچىكىمىزنىڭ پارلاق يولى

غۇلامدۇنوۋ غۇلامجان (قازاقىستان)
«تۆگمەن» ئۇيغۇر ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ 10 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

ئۇلۇغ ئالىم ماخمۇت قەشقەرىينىڭ «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» دۇنياغا كەلگەنلىكىگە مىڭ يىلغا يېقىن ۋاقىت ئۆتسىمۇ، ئۇ تا ھازىرغىچە ئۆز ئەھمىيىتىنى يوقاتماي، بەلكى ئەسىرلەر ئۆتكەنسېرى كۆمۈلۈپ ياتقان ئۇيۇل ئالتۇن كەبى ئۆزىنى تۈگىمەس خەزىنە سۈپىتىدە نامايان قىلماقتا. ئۇيغۇر ئالىمى ماھمۇت قەشقەرىي ياراتقان «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»كە ئوخشاش ئىككىنچى ئەمگەكنى ئىلىم ـ پەن دۇنياسىدا تېپىش قىيىن. مېنىڭمۇ شاھ ئەسەرنى ئۆگىنىش، چۈشىنىشكە قىزىقىشىم قوزغىلىپ قولغا ئالدىم، بۇ تەۋرىرۈك كىتابنىڭ بىر نەچچە تىللارغا تەرجىمە قىلىنغانلىقىنى ۋە 5 ـ سىنىپتىن باشلاپ دۇردانە لۇغەت ھەققىدە ئاز بولسىمۇ خەۋەردار ئىدىم. شۇ ۋەجىدىن مېنى 7500 سۆزنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۆز دەۋرىدىكى ئەڭ يىرىك ئۈچ توملۇق لۇغەتنى 15 يىل ئىزدىنىپ، ئىككى يىل ئىچىدە ئۇتۇقلۇق تاماملاپ، پۈتكۈل تۈرك خەلقىگە باي مىراس، ۋە ئەدەبىي يالداما بولۇپ قالسۇن دەپ سوۋغا قىلغان ئالىمنىڭ ئەمگىكىنى ئوقۇپ، ئاز بولسىمۇ تەتقىقات يۈرگۈزۈشنى توغرا تاپتىم. بۇنىڭغا سەۋەپكار بولۇۋاتقان ئۇلۇغ ئالىمنىڭ يارقىن خاتىرىسىگە 1010 يىللىقىغا بېغىشلىنىپ ئۇيۇشتۇرۇلۇۋاتقان «ئانا تىل دېمەك ـ خەلقىمنى

* بۇ يىل ئالمۇتادا ئۆتكۈزۈلگەن«ئانا تىل دېمەك ـ خەلقىمنى سۆيىمەك فېستىۋالى»دا، «تۈركىي تىللار دىۋانىدىكى ماقال ـ تەمسىللەرنىڭ مەنەۋى تۈپلارغا بۆلۈنۈشى» ناملىق ئىلمىي ماقالىس بىلەن ئالاھىدە مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. بۇ ماقالىدا ئوقۇغۇچىمىز بۇ پائالىيەتكە بولغان ئۆز كۆز قارىشىنى ۋە چۈشەنچىسىنى يەكۈنلەپ چىققان.

سۆيمەك فېستىۋالى» . فېستىۋال نىزامنامىسى بويىچە ئىلمىي لايىھەگە سۇنۇلغان ماۋزۇلار مېنى بىردىنلا ئۆزىگە جەلپ قىلدى. بۇ لۇغەتتە ئالىملارنىڭ تەتقىق قىلىشىچە 300 گە يېقىن فولكلور ئۈلگىلىرى بار ئىكەن. ماخمۇت قەشقەرىي ئۆز ئەمگىكىدە تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ لۇغەت بايلىقى ھەم ئۇلارنىڭ ئۆزگىچىلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىشنى مەقسەت قىلىپ، ئۇنىڭغا مىساللار سۈپىتىدە شۇ دەۋردىكى جانلىق ۋە ئەدەبىي تىلنىڭ ئۈلگىلىرىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئارقىلىق بىز خەلق ياراتقان ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە يازما ئەدەبىياتى بىلەن تونۇشىمىز. ئالىم قوشاقلار ۋە بېيىتلار، شېئىرىي ۋە نەسرىي پارچىلاردىن پايدىلانغاندا، ئۇلارنى، بىر تەرەپتىن، ئۆز ئەمگىكىنىڭ يۆنىلىشى ۋە مەزمۇنىغا قاراپ تاللىسا، ئىككىنچى تەرەپتىن، ئۇلارنىڭ بەدىئىيلىكىنىڭ، كۆپچىلىك ئارىسىدا ئومۇملىششىنى كۆزدە تۇتقانىدى، ئالىم سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، «تۈركىي خەلقلىرىنىڭ كۆرگەن بىلگەنلىرىنى ئىپادىلەيدىغان شېئىر ۋە قوشاقلىرىنى، قايغۇلۇق ۋە خوشاللىق كۈنلىرىدە ئېيتقان چوڭقۇر مەنالىق ماقال ۋە تەمسىللىرىنى» توپلىغان. مەنمۇ ئۆزۈمنىڭ قابىلىيىتىمگە قاراپ، بىرىنچى قەدەمدە ئۇلۇغ ئالىم توپلىغان ماقال-تەمسىللەر ئۈستىدە يۈرگۈزۈپ ئىلمىي لايىھەمدە تۆۋەندىكى نۇقتىلارنى ئوتتۇرىغا قويماقچىمەن:

## 1.1.ئىلمىي لايىھىنىڭ ئۆزگىچىلىكى

دىۋاندا بېرىلگەن ماقال ـ تەمسىللەرنىڭ مەنىسىگە قاراپ تۈرلەرگە بۆلۈنىشى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە بۈگۈنكى كۈندە قوللىنىۋاتقانلىرى بارمۇ، ئۇلارنىڭ ھازىرقى زاماندا تىلىمىزدا ئىشلىتىلىشى ھەققىدە ئىزدىنىشىم.

## 1.2 . ئىلمىي لايىھەنىڭ تەخمىنى

ئاشۇ دىۋاندا ئىشلىتىلگەن بىزنىڭ ئەجداتلار ئىجات قىلغان خەلق ماقال-تەمسىللىرىگە ئوخشاش ماۋزۇلارغا بۆلۈنەمدۇ ۋە ئۇلارنىڭ مەنا جەھەتتىن ئورتاقلىقى.

## 1.3.ئىلمىي لايىھەنىڭ مەقسىدى

مەقسەت: دىۋاندىكى ماقال- تەمسىللەرنى ئوقۇپ ئۆگىنىپ، قانداق ماۋزۇلارغا بۆلۈشكە، بىرىكتۈرۈشكە بولىدىغانلىقىنى، ھازىرقى زاماندا ئىشلىتىلىشى ياكى ئۆزگەرگەن، يېقىن ۋارىيانتى بارلىقى ۋە بەزى ماقاللارنىڭ ئاڭلىتىدىغان مەنالىرىنى لايىھەمنىڭ ئاساسىي ئوبيېكتى سۈپىتىدە قاردىم.

3 . يەكۈنلەش



خۇلاسىلەپ ئېيتسام، ئۆزىنىڭ ئاجايىپ كەشپىياتلىرى بىلەن دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىدا ناھايىتى زور رول ئوينىغان ئەمگەكچان، ئىجاتكار ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 11 ـ ئەسىردە ئۆتكەن ئۇلۇغ تىلشۇناس ئالىمى، مۇتەپەككۇرى، مائارىپچىسى ۋە مەشھۇر جامائەت ئەربابى ماخمۇت قەشقەرىي ياراتقان بۇ تۆھپە، تۈركىي خەلقلىرىنىڭ تىللىرىدىن ماتېرىيال توپلاپ چىققان بۇ شاھانە ئەسەر، تۈركىي تىللاردا سۆزلىشىدىغان بارلىق مىللەتلەر ئۈچۈن تېپىلماس بايلىق ئىكەنلىكىگە، ئەدىبىنىڭ مىراسىنى بىراز بولسىمۇ ئۆگىنىش ئارقىلىق چۈشىنىپ يەتتىم. ئالىمنىڭ «ئەبەدىي يادىكارلىق ۋە پۈتمەس-تۈگىمەس بايلىق بولۇپ قالسۇن دەپ، ئۇلۇغ تەڭرىگە سىغىنىپ، مەزكۇر كىتابنى تۈزۈپ چىقتىم ۋە ئۇنىڭغا «تۈركىي تىللار دىۋانى دەپ ئات قويدۇم ۋە ئۇ ئەسەرنى ئەرەپ تىلىدا ياراتقانلىقى، ئۇنىڭ تۈرك تىلىنى بىلمەسلىكىدە ئەمەس، ئەكسىچە شۇ دەۋردە ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئەرەپ تىلىدا، ئۇيغۇر تىلىمىزنىڭ گۈزەللىكىنى، موللىقىنى، بەيگىگە چۈشكەن ئىككى ئاتتەك، باشقا تىللاردىن ھېچ قېلىشمايدىغانلىقىنى دەلىللەش ئۈچۈن يازغانلىقىدا ئىدى. بۇ ئىلمىي لايىھە بىلەن «ئانا تىل دېمەك ـ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

خەلقىمنى سۆيىمەك» فېستىۋالىغا قاتنىشىپ ئاتاقلىق ئالىملار ئىمىلجان ھوشۇرۇۋ ئاكا، ماھىنۇر نىزاموۋا ھەدىلەر ئالدىدا، ئۇلارنىڭ پىكىر- مەسلىھەتلىرىنى ئالغىنىمغا بەك خۇرسەن بولدۇم. ئىلمىي لايىھەمنى باھالاپ «ئەڭ ئۈلگىلىك ئىلمىي خىزمەت» نامىغا مۇناسىپ كۆرۈپ تەقدىرلىگىنىدىن مەمنۇن بولۇپ، مىللىي غۇرۇرۇم كۆتىرىلىپ، كۆتىرەڭگۈ روھتا يېڭى كۈچ- قۇۋۋەتلەر بىلەن قايتتىم. كېلەچەكتە مەنىۋى يېڭىلىنىش، ئاڭ سەۋىيەمىزنى يېڭىلاشتىن باشلىساق، كېلەچىكىمىزنىڭ پارلاق يولى ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم. موشۇنداق فېستىۋالنى ئۇيۇشتۇرغان قەلبىنۇر ئارۇپ قىزىغا ۋە ئۇنىڭ گۇرۇپپىسىغا ئالقىشىم چەكسىز.

موشۇنداق پائالىيەتلەرنىڭ ھەر يىلى ئۆتكۈزۈلۈشىگە تىلەكداشمەن. بىزگە ئۇيغۇر تىلىدىن دەرس بېرىۋاتقان، يولىيورۇق كۆرسىتىپ، ئىلىم- بىلىمنىڭ ئەۋزەللىكىنى ئايانماي ئۆگىتىۋاتقان ئۇستازىم خەيرىنساخان ئىمىنوۋاغا چەكسىز رەھمەت ئېيتىمەن.

## مەن بوۋامنىڭ پەخرى

(مۇئەللىپنىڭ بۇ پائالىيەتكە بېغىشلاپ يازغان شېئىرى)

نەسلى ئۇيغۇر ئالىمى،
تۈركىي تىللار ماھىرى.
ئېسىل سۆزلۈك كېلىدۇ،
ماخمۇت ئوپال شۇڭقارى.

قەشقەرىيچە تىل ئۆگەن،
قېرىنداشنى تاپسەن.
تېنىمەيدۇ تىل بىلگەن،
جاھان كېزىپ ژۈرسەن.

تۈركىي تىللار لۇغىتى،
ئەجدادىمنىڭ تارىخى.
شۇ تىلنى ساقلاپ يۈرگەن،
مەن بوۋامنىڭ پەخرى.




# شېئىرلار

ئاككۈزئېۋ تايمىر (قازاقستان)

چۇلۇقاي يېزىسى «جامالىدىن بۇساقوۋ» نامىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 2- «ئە» سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## جامالىدىن بوۋامغا

نامىڭىزدا قۇرۇلدى مەكتەپىمىز،
سىزنى كۆرمىدۇق، لېكىن ئۆچمەيدۇ نامىڭىز.
بىلىم ئېلىپ مەن، ئوخشاپ سىزگە بوۋا،
ئەسەرلەر يېزىش ئارمىنىم مېنىڭ!

---

بۇ قېتىمقى «ئانا تىل دېمەك- خەلقىمنى سۆيىمەك فېستىۋالى» دا مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئوماق شائىرىمىز.

## مەكتەپ

دوستلار بىلەن تونۇشتۇرغان،
مېنى موشۇ مەكتىپىم.
بارالماي قالغان كۈنلەردە،
ئېچىندۇرغان مەكتىپىم.

## قىش

قىش ئېيى كەلدى،
يەر جاھاننى ئۇخلىتىپ.
ئاق قارغا ئورىدى،
ھەممە يەرنى ئۇخلۇتۇپ.

# جازا

**نىشاناۋا رۇخشانا (ئۆزبېكىستان)**

«ئەركىن ۋاخىدوۋ» نامىدىكى ئىختىساسلىقلار
مەكتىپى 7 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

ماڭە، چەتتە تۇر دېدى،
دەرس ۋاقتى ماڭا ئۇستاز.
ئەيىبىم نىمە تاپالماي،
ئويلىنىپ قالدىمغۇ بىراز.

ئاچچىقىم كېلىدۇ ئەجەب،
يېنىمدا بولمىسا ھېچكىم.
قارايمەن قايتا-قايتا،
ساۋاقداشلار يەنە جىم.

ئەپسۇس، جازا ئېنىقىقۇ،
قىلغان ئېدىمغۇ ساۋاپ!
سىنىقىدا دوستۇم ئۇچۇن
ئېيتىپ بەرگەنتىم جاۋاب!



ئۆزبېكچىدىن مۇرات ئورخۇن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغان

## مەكتىپىم

**دىلنۇر تالغاتوۋا (قازاقىستان)**

«ئا. روزى باقىيېۋ» نامىدىكى 153- مەكتەپ گىمنازىيا 9-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

ئابدۇللا دەپ ئېيتقاندا،
مەغرۇرلىنىپ كېتىمەن.
چۈنكى ئاشۇ مەكتەپتە
بىلىم ئېلىپ كېلىمەن.

مەكتىپىم سەن غۇرۇرۇم،
ئۆچمەي قالغان ئىزىم سەن.

بارچىغا ئايان بولغان،
ئۇيغۇر مەكتەپ بىرى سەن.

ئاددىي ئەمەس — گىمنازىيا،
مەغرۇرلىنىپ ئوقۇيمەن.
ئاشۇ ئۇلۇغ مەكتەپتە،
ئانا تىلدا سۆزلەيمەن.

ماختىنىشىم، غۇرۇرۇم،
ئۆزۈڭسەن، ئانا مەكتەپ.
گۈللەپ، ياشناپ ئۆرلىگىن،
كېلەچەك پارلاق مەكتەپ.

* «غۇنچە» ژۇرنىلى 2013 - يىلى 3 - سان

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



# بىلىم

ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن ( ئەنگلىيە)

*پۈتۈن دۇنيادىكى ئۇيغۇر ئۆسمۈرلىرىگە ئاتاپ!*

بىلىم ھاياتنىڭ شانىدۇر،
بىلىم بەختنىڭ كانىدۇر،
بىلىم باشلار بىزنى ئالغا،
بىلىمسىز ۋەتىنىم خاردۇر!

بىز ئوقۇپ بىلىم ئالىمىز،
ئىلىم-مەرىپەت غايىمىز،
كېلەچەك بولىدۇ پارلاق،
بىز ۋەتەن ئوغۇل-قىزىمىز!

بوۋام لۇتپۇللا بىزگە دېگەن:
«ياشلىق ئۇ، تىرىش-تىرماش ئۆگەن.»
بىلىم دېگىنىزدا شۇڭقارمىز،
ۋەتەن ئۈچۈن ۋىسال ئىزدىگەن!

ياشنايدۇ ئۇيغۇر بىلىم بىلەن،
ئالمىشىپ كۈلكە يىغا بىلەن،
نادانلىق تۈگەر بىزدىن ئەبەد،
قۇراللانساق ئىلىم-پەن بىلەن.

بىلىم ئادەم زىننىتىدۇر،
ئۇ بەختنىڭ قىممىتىدۇر.
بىلىم بىلەن كۆكلەيدۇ ئەل،
بىلىمى بار بىلەك كۈچىدۇر!

بىز ئوقۇيمىز، ھېرىپ-تالمايمىز،
ئەجداد يولىدىن ھىچ يانمايمىز !
مىللەت شەنىگە تۆھپە قوشۇپ،
يۇلتۇز بولۇپ ئەلگە چاقنايمىز.

2018- يىلى 1 - سېنتەبىر، لوندون

# ئىككى شېئىر

## ئۇنۇتقان دۇنيا

ئېسىۋالدىم ئۆيۈمگە، كۈندە كۆرەي دەپ،
سىرلىرى كۆپ، بىلەلمىگەن دۇنيانى.
ئىزدەيمەن دېگىنىزدىن، ئارىلدىن ئۆتۈپ،
ئاۋارە تاپالماي خىلۋەت ماكانىنى...

نىمجانلا كۆرۈندۈك خەرىتەمدە سەن،
پايانسىز قۇم بولۇپ، گىياھسىز قاقاس.
چاڭقىغان ئەزىم تارىم، تولغىنىپ ھالسىز...
ئۇيقۇدا تەكتى-ماكان شەپىسىز تىمتاس.

ئەسرلەر ئۇخلاپمۇ قانمىغان چېغى،
سېھىرلىك ئۇيقۇسىدىن تۇرمىغان چېغى.
شۇ سەۋەب ئۇنۇتقان دۇنيا ئۆزىمۇ،
رەڭلىرى زامانىنىڭ چۈشمىگەن چېغى...

قىستايمەن گاھىدا ئۆزۈمنى زارىقىپ،
سىزسام باشقىچە قىلىپ دۇنيانى.
قالدىمىمۇ ئەقلىمدىن مەن ئادىشىپ،
كۆرمەيلا كېتەيمۇ مۇشۇ ئالەمنى ...

بولماپتۇ قىلغىنىم ئىسسىپ ئۆيۈمگە،
سىلىشتۇرۇپ مېنى تۇغقان تۇپراقنى.
ئوخچىدى يۈرەكتىن زەرداب كۆزۈمگە،
ياشايمۇ يوشۇرۇپ كۆيگەن پىراقنى...

تەڭ ئەمەس ھېچ بىر يەر ئانا تۇپراققا!
ھېچكىم ھەم بولالماس ئوخشاپ ئانامغا!
كۆرىمەن سېنى ھەر ۋاق ئەقىل كۆزۈمدە.
ئوغلۇڭمەن تونۇتاي سېنى دۇنياغا!

2000 - يىلى 10 - ئاي، مىيۇنخېن

## غوجىمۇھەممەد، سەنمۇ كېتىپسەن!
## (مەرسىيە)

غوجىمۇھەممەد، سەنمۇ كېتىپسەن،
بەلكىم ۋىسالغا ئەمدى يېتىپسەن ...
بەلكىم مۇھەببەت كۆيدۈرمەس سېنى،
جەننەت پەرىسىگە جۈر بولۇپسەن!

غوجىمۇھەممەد، سەنمۇ كېتىپسەن،
قەدىردان شائىر، بىزدىن يۈتۈپسەن.
ئەلۋىدا دېيەلمىدۇق بىز ساڭا،
جۇدا ئوتىغا بىزنى سېلىپسەن.

غوجىمۇھەممەد، سەنمۇ كېتىپسەن،
شېئىرىڭنى ئەبەد يادىكار ئېتىپسەن،
مەشرەپتەك ھەقنىڭ كويچىسى بولۇپ،
ئۆلمەس روھلارغا روھلار قېتىپسەن!

غوجىمۇھەممەد، سەنمۇ كېتىپسەن،
ئاخىرقى قۇرنى قاندا يېزىپسەن،
مۇھەببەت - نەپرەت ئالىمدە كۆيۈپ،
مىسكىن دىلغا مۇسىبەت سېلىپسەن !

غوجىمۇھەممەد، سەنمۇ كېتىپسەن،
ئاخىر جەننەتتە ئەركىن بولۇپسەن،
شېئىرىڭ مەشئەل بوپ يانار چوغدەك،
ئەلكۈن قەلبىدىن ئورۇن ئېلىپسەن!

2018-يىلى 12 - ئىيۇل، لوندون

## نەسرلەر*

ئەخەت ئىمىن

### مەكتەپ پەلەمپىيىدە

ھېلىمۇ ئېسىمدە، بىر چاغلاردا — يېڭىدىن تايتاڭلاپ مېڭىۋاتقان چاغلىرىمدا، بىنالارنىڭ پەلەمپىيىدىن ئانام مېنى قولۇمدىن يېتىلاپ چىقىراتتى.

مانا ئەمدى مەكتەپ بىناسىنىڭ پەلەمپىيىدىن ئۆزۈم چىقىپ كېتىۋاتىمەن.

* «ئۇيغۇر باللار ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر» ناملىق كىتابىدىن ئېلىندى

بۈگۈن سېنتەبىر، بۈگۈن مەن ئانامنىڭ قوينىدىن ئۈزۈلۈپ چىقىپ مەكتەپ قوينىغا كىردىم.

ئانام مېنىڭ تۇنجى ئۇستازىم، ئۇ ماڭا ئىنسان تىلىدا سۆزلەشنى ئۆگەتتى، ئاتام — مېنىڭ تۇنجى تەربىيىچىم، ئۇ ماڭا چىن ھاياتنى كۆزىتىشنى ئۆگەتتى. ئاتام-ئانام — يارىلىشىمدىلا ماڭا نىسبەتەن ئىتىلگەن بۇ كۆيۈمچان يېتەكچىلىرىم ماڭا ئۆز غەيرىتى بىلەن تىرىشچانلىقنى، ئۆز ئۈمىدى بىلەن ئۈمىدۋارلىقنى سىڭدۈردى.

مەن خەلقىمگە بولغان ئوتلۇق مېھىر، بىلىمگە بولغان تىرىشچانلىق، كەلگۈسىگە بولغان زور ئۈمىد بىلەن مەكتەپ قۇچىقىغا كەلدىم.

ئانام ماڭا: «مەكتەپ ئىنسانلار جۇغلىغان ئىلىم-پەننىڭ تۆپىلىكى. سەن ئۇنىڭغا باشقىلار ياساپ قويغان پەلەمپەيدىن ئۆرلەيسەن، مەسىلە پەقەت كۆڭۈل قويۇشتىلا» دېگەن.

راست، شۇنداق ئوخشايدۇ. مەن ئەمدى بىرىنچى پەلەمپەيگە قەدەم قويغىلىۋاتىمەن. ئالدىمدىكىلەر بۈگۈن بەلكىم ئىككىنچى، ئۈچۈنچى... پەلەمپەيلەرگە قەدەم قويۇۋاتسا كېرەك. مەن پەلەمپەيگە كۆتۈرۈلىۋېتىپ ئاتامنىڭ بۈگۈن ئەتىگەن ماڭا قىلغان مۇنۇ سۆزىنى ئەسلەپ قالدىم: «بالام، ئەقىل پەلەمپىيى باشقىلارنىڭ ئەمگىكىدىن ھاسىل بولغان. ئۇنىڭدىن كۆتۈرۈلۈپ مەكتەپتىن ئىبارەت ئىلىم-پەن تۆپىلىكىگە چىققىنىڭدا ئىش تېخى تۈگىگەن ھېسابلانمايدۇ. بىلىم چوققىسى تىك ۋە خەتەرلىك. بىلگىنكى، ئۇنىڭدا باشقىلار ياساپ قويغان پەلەمپەي بولمايدۇ.»

مەن بۇ گەپنى تازا چۈشىنىپ كېتەلمىدىم. ئىشقىلىپ، بىلىمنىڭ ئېگىز چوققىسىغا قىزىلتاغنىڭ چوققىسىغا چىققاندەك پەلەمپەي بىلەن چىققىلى بولمايدىغان ئوخشايدۇ. لېكىن مەكتەپ تۆپىلىكىگە ئانام ئېيتقاندەك، تازا كۆڭۈل قويۇپ تىرىشىپ ئۆرلىسەم، باشقىلار ياساپ قويغان پەلەمپەيدىن چىققاندا ئۇنى كۆزىتىپ. چۈشىنىپ چىقىشىنى كۆزلىسەم، مەندىنمۇ ئاجايىپ بىر ئەقىل پارلىماسمۇ؟!

ئەگەر بىرى مېنى قولۇمدىن تارتىپ چوققىغا يېقىنلاتسا، مەن ئۇنى يەلكەمگە دەسسىتىپ تېخىمۇ ئېگىزگە چىقارسام، ئۇ ماڭا قولىنى ئۇزاتسا، مەن...

ئېخ، ئىلىم-پەن چوققىسى، سەن تۈز يول بولمىسىمۇ، پەلەمپەي بولمىسىمۇ، ئىنسان ساڭا قاراپ يول ئاچالايدۇ، ساڭا چىقىدىغان پەلەمپەي ياسىيالايدۇ.

ئارزۇيۇم شۇ: مەنمۇ مۇشۇنداق پەلەمپەي بولىمەن.

## مەن تامچە بولسام . . .

مەن تامچە بولسام، ئېگىز قيالارنىڭ ئۈستىدىكى يېشىل مۇخلاردىن سائەتنىڭ چىكىلدىشىدەك رېتىم بىلەن تامچىسام، يانباغىردىكى كىچىكتاش — ئاكامنىڭ سەندىلىدەك تاش يۇيۇلسا، مەن يەنە تامچىۋەرسەم، ئۇ مېنىڭ غەيرىتىمدىن ھەيران بولۇپ مەڭگۈلۈك يۇمۇق كۆزلىرىنى ئاچسا — دېمەكچىمەنكى، ئۇنىڭدا كۆزلىرىمدەك كىچىك تۆشۈكچىلەر پەيدا بولسا، مەن يەنە تامچىۋەرسەم، ئۇنىڭ كۆزلىرى يوغىناپ-يوغىناپ ئېغىزدەك بولسا، چۆچەكتەك بولسا، مەن يەنە تامچىسام، چۆچەك سۇغا لىق تولسا...

ئايھاي، بۇ چاغدا مەن نېمە قىلاتتىم، بىلەمسىلەر؟

ئۇ چاغدا مەن ئۇچۇرۇم بولمىغان قۇش باللىرىنى چاقىراتتىم:
— كېلىڭلار، ئۇچالمايدىغان بالا قۇشلار، چۆچىكىمدىن سۇ ئىچىڭلار، مەن بىلەن ئۇسسۇزلۇقىڭلار قېنىپ، تېنىڭلارغا ماغدۇر كىرىپ، كېيىن ئاسماندا ئۇچساڭلار، مەنمۇ سىلەرگە ئوخشاش خۇش بولىمەن، چۈنكى ئاسماندا پەرۋاز قىلىۋاتقان جىسمىڭلارغا مەنمۇ تامچە بولۇپ قوشۇلغان.



# مېھر - مۇھەببەت

(ھېكايە)

غوجىمۇھەممەت مۇھەممەت

نەدىسەن مېھر-مۇھەببەت، نەدىسەن ئەي مېھر - مۇھەببەت!

پوتكۇل ئىنسانىيەتنىڭ قانداشلىقىنى ئويلىسام «ئىنسان»دىن يىرگىنىپ كېتىمەن، ئىپتىدائىي زاماندىكى ئۆملۈككە ھەۋەس قىلىمەن. تاش سايىدا چەكسىز غېرىپلىق ۋە تەنھالىق ئىلكىدە ياتماقتا. بىر مېھرىبان قول سىيلاپ قويسا ۋارقىراپ يىغلىۋەتتى. ئۇلار بىلمەيدۇ، مەنزىلگە پەقەت چىن مۇھەببەتلا يەتكۈزىدۇ، «مۇھەببەتسىز قىلغان ئىبادەت، ئىلتىجالار تەڭرىگە يەتمەيدۇ». مۇھەببەتسىز ئىككى ئادەم گويا ئىككى دۇنيانىڭ ئادىمى. لېكىن پانىيدا دۇنيا پەقەت بىر. بىزدىكى دۇنيا ئەنە شۇنداق مىڭلاپ، مىليونلاپ پارچىلانماقتا...

بىر كۈنى سەپەردە ئىدىم، ئادەمسىز چۆلدە بالا كۆتۈرۈۋالغان بىر ئۇيغۇرچان دېھقان چوكىنى ماشىنىنى توستى.

— كىرانى تۆلىيەلەيسىز، مەنزىل قاياقكىن؟— دېدى شوپۇر ئۇنىڭغا.

— قۇمباغقا، مانا،— ئۇ، گۈللۈك تامبىلىنىڭ ئىچ يانچۇقىدىن كىرلىشىپ كەتكەن لاتىغا ئورالغان پۇلنى ئېلىپ ئۇزاتتى.

— ئۇ يەرگە سەككىز كوي، يەنە بىر كوي

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2002 - يىل 3 _ سانىدىن ئېلىندى

بېرىڭ،— شوپۇر پۇلنى ساناپ بولۇپ ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بەردى.

— خۇدا رەھمەت قىلسۇن ئۇكام، يېنىمدا بارى، يوقى مۇشۇكەن...

— خويما تويدۇم بۇ دېھقان قەلەندەرلەردىن، بۇ گېپىڭنى پارتىيىگە دە، مەن دېھقانلارنىڭ ھامىيسى ئەمەس. ماڭ، چۈشۈپ كەت.

ئۇ چۈشۈپ كەتتى، ماشىنا مېڭىپ كەتتى.

— ئەجەپمۇ ئىنساپسىز بىرىنىمكەن،— دېدى يېنىمدىكى ساقاللىق كىشى،- چىقىرىۋالسا بولمامدۇ، بىر كوينىڭ ئىشىغۇ شۇ.

— نېمىسىنى دەيسىز،— دېدى يەنە بىر كىشى،— بىز خەقتە ئىنساپ، مېھر-مۇھەببەت كۆتۈرۈلۈپ كەتتى.

غۇلغۇلا باشلاندى:

— باغرى تاشلىقىمىز ھامان بىزنى ھالاك قىلىدۇ...

— ئۆز ئارا ياتلىشىپ كەتتۇق...

— ئۆز قېرىندىشىمىزغا بىر كويلۇقمۇ مېھرىمىز قالمىدى...

مەنمۇ سۆز قاتتىم:

— مېھر-مۇھەببەت ئىناق-ئىتتىپاقلىقنىڭ ئاساسى ئىدى، ئۆز-ئارا كۆيۈنۈش، قوللاش بىلەن

www.uyghurkitap.com

ئورتاق كۆچكە ئىگە بولاتتۇق. ئورتاق كۆچتىن ئاداققىچە، ھەرقانداق كۆلپەتمۇ ئۆزۈلمەس پولات ئارقان كەبىي ئىتتىپاد تۇغۇلاتتى. ئەپسۇس...بىز ھەممىمىز يىگانە. دوست يارەنلەر ئارا، توي-تۆكۈن، ئۆلۈم يىتىملەر ئارا يىگانە. ھەممىمىز بىر ماكاندا، بىرخىل مۇھىتتا ياشايمىز. لېكىن تەنھا. ئۆز نەپسىمىز بىزنى يىگانىلىق داللىرىغا ھەيدەپ سەرسان-سەرگەردان قىلىۋەتكەن. يىگانىلىق جاسارىتىمىزنى سۇندۇرۇپ، ئىشەنچىمىزنى ئۆلتۈرمەكتە. پەقەت مېھىر-مۇھەببەتلا بىزنى بۇ قورقۇنچلۇق يىگانىلىقتىن خالاس قىلالاتتى. ھەممىمىز شوپۇرنى بىر كويغا چىدىمىدى دەپ ئەيىپلەپ كەتتۇق. قىنى قايسىمىز: «مە، كەم قالغان بىر كوينى مەن بېرىۋېتەي» دىيەلىدۇق؟ دېمىدۇق. چۈنكى بىز يىگانە، ھەتتا مەنمۇ...

ھەممىمىز جىمجىت ۋە يىگانە ھالدا ئىزتىراپلىق ئۆيلارغا پاتتۇق. سەپىرىمىزگە خەيىرلىك بولغايمۇ؟!

تەييارلىغۇچى: رەنا ياشار (نورۋېگىيە)

# ئەسلەتمە كارتىسى

(ھېكايە)

ۋەرلىن (فرانسىيە)

كارتىنىڭ ئەك ئاستىنقى قۇرلىرىغا مۇنداق يېزىلغانىدى: «سائەت ئون بىردە لوس ئىپادەمدىن رازى بولۇپ قالسا،ئەتىلا بېرىپ ئۇنى يەتتە قېتىم سۆيۈپ قويىمەن ۋە تىزلىنىپ تۇرۇپ توي تەكلىپىنى قويىمەن.»

لوس بىلەن ئاجرىشىشىمدىكى سەۋەب تولىمۇ ئاددىي ئىدى. مەن ئىنتايىن ئۇنۇتقاق، دائىم ئۇنىڭ بوۋىسىنىڭ ئىسمىنى، يىلدا بىر كېلىدىغان ئاشىق-مەشۇقلار بايرىمىنى، ئۇنى كۈندە كەم دېگەندىمۇ يەتتە قېتىم سۆيۈپ قويۇشنى ئۇنتۇپ قالىمەن. ئۇنىڭ غورۇرى چىدىيالمىدى بولغاي، ئاجرىشىپ كېتىشنى تەلەپ قىلدى. دەرھال قوشۇلدۇم،چۈنكى مېنىڭمۇ غورۇرۇم بار-دە.

بىر يىل ئۆتۈپ كەتتى. ئۈستەل ئۈستىدىكى ھېلىقى قەغەزگە قارىدىم. ئۇنىڭدا، «ئەگەر 1995 -يىلى 14 - فېبرالغىچە (بۇ تونۇشقىنىمىزغا ئۈچ يىل، توي قىلغىنىمىزغا ئىككى يىل، ئاجراشقىنىمىزغا بىر يىل بولغان خاتىرە كۈن) لوس باشقا بىرسىنى تېپىۋالمىسا ھەم بۇ ئۆيگە قايتىپ كەلمىسە ئۇنىڭغا قايتا توي قىلىش تەكلىپىنى قويىمەن» دەپ يېزىلغانىدى.

بۈگۈن 13 -فېۋرال، كەچ سائەت توققۇز. ئۇنىڭ كۆلبەمگە قايتىپ كېلىش ئېھتىماللىقى ئاساسەن يوققا چىققاچقا ھەرىكەتكە ئۆتتۈم.

— ئانەت كاپەترو لوس خانىم، مەن رول فرانسىۋا لىپ. ئەتە تونۇشقىنىمىزنىڭ ئۈچ يىللىق خاتىرە كۈنى. مەن دوستلىقىمىزنى ئىنتايىن قەدىرلەيمەن. ئەتە چۈشتىن بۇرۇن كۆلبەمگە قەدەم تەشرىپ قىلالارسىزمۇ؟

— تەكلىپىڭىزدىن تولىمۇ خۇشالمەن، ئەتە چۈشكەبىر دوستۇمنىڭكىگە بارماقچى ئىدىم. چۈشتىن بۇرۇن سائەت سەككىزدە ئۆيىڭىزگە بېرىپ، ئون بىرگىچە ئولتۇرۇپ كېتىمەن...

تېلېفۇن ئۈزۈلدى.

قىزغىن مۇھەببەتلىشىۋاتقان ۋاقىتلىرىمىزدا ئۇنىڭ ماڭا يازغان قېلىن، قېلىن خەتلىرىنى ئېلىپ چىقىپ، بىر ئەسلەتمە كارتىسى تۈزدۈم. ئۇنىڭغا ئەتە سائەت ئالتىدىن ئون بىرگىچە قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى تەپسىلىي يازدىم.

ئۆيدە ئىگىزلىكى مەندىن پاكارراق، لوستىن ئىگىزرەك بىر ئىشكاپ بار ئىدى. ئىشكاپنىڭ ئەڭ ئىگىز يېرىگە بۇ قىممەتلىك قەغەزنى ئورۇنلاشتۇردۇم.پلانىمنىڭ تېخىمۇ ئەتراپلىق بولىشى ئۈچۈن ئىشكاپ يېنىغا بىر ئەينەك ئېسىپمۇ قويدۇم.

ئەتىسى ئەتىگەن سائەت ئالتىدە قوڭغۇراقلىق سائەت مېنى دەل ۋاقتىدا ئويغاتتى. ئورنۇمدىن سەكرەپ تۇردۇم ـ دە، ئىشكاپ ئالدىغا باردىم: «سائەت ئالتىدىن يەتتىگىچە شەخسىي ۋە ئۆي تازىلىقى قىلىمەن.» تازىلىققا ھەقىقەتەن بىر سائەت كەتتى. ئاندىن ئىشكاپ ئالدىغا يەنە باردىم: سائەت يەتتىدىن سەككىزگىچە ۋولف گۇل دۇكىنىغا بېرىپ، ئۇ ياخشى كۆرىدىغان قىزىل ئەتىرگۈلدىن ئۈچ تال سېتىۋېلىپ، دەرىزە ئالدىدىكى ئاق لوڭقىغا سېلىپ قويىمەن. ئاندىن لەدا بازىرىغا بېرىپ، ئۇ ئامراق سەۋزە شىرنىسىدىن ئۈچ بوتۇلكا سېتىۋالىمەن. «بۇ ئىشلارنى بېجىرىپ بولغاندا سائەت دەل سەككىز بولىدى. سائەت سەككىزدە ئىشىك قوڭغۇرىقىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلايمەن ۋە ئىشىكنى ئاچىمەن...» ئىشىك قوڭغۇرىقى چېلىندى.

مەن ئۇنى ئەدەپ بىلەن قارشى ئالدىم. «مۆھتەرەم بوۋىكىز ئانەت ئەمۇس ۋالەرى ئەپەندى قانداقراق؟ بۈگۈن ئاشىق مەشۇقلار بايرىمى،دوستىڭىزنىڭ سىزنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلغىنىغا قارىغاندا، بۈگۈن ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشى بىر كۈن ئوخشىمامدۇ؟»

ئۇ كۈلۈمسىرىگىنىچە ئاددىيلا جاۋاب بەردى.ئۇنىڭ تەبەسسۇمىدىن ئىلھاملىنىپ ئىشكاپ ئالدىغا يەنە باردىم «كېلەر ئاينىڭ 31 ـ كۈنى يىگىرمە ئۈچ ياشقا كىرىدىغان تۇغۇلغان كۈنىڭىز. مايكەل دەيلىس كرىستىئان، شاكلەر مەردىل كالىنا ۋە ئەرمۇند بۇئەيىيا سۇزان قاتارلىق دوستلىرىڭىز بىلەن جەم بولغىڭىز باردۇر؟ تۇغۇلغان كۈنىڭىزنى تەبرىكلەش كېچىلىكىگە ھەممە دوستىڭىزنى تەكلىپ قىلامسىز؟ «مەن ھەممە دوستىڭىزنى» دېگەن سۆزنى دەۋېتىپ سەل تىنىۋالدىم.

«ئەلبەتتە،دوستلىرىم كېلىشنى خالىسىلا...» مەن روھلىنىپ دېۋاندىن قوپۇپ كەتتىم.

.....

«ھەجەپ سائەتكە، ئەينەككە قاراپ گالستۇكىڭىزنى تۈزەپ كەتتىڭىز، بىرەر ئىشىڭىز بارمىدى ـ يا؟» سائەت ئون بىر بولاي دېگەندە، ئۇ مۇھەببەتتىن مەست بولۇپ، خاراموشلىشىپ كەتكەنىدى. مەن بولسام ئىشكاپ ئالدىغا بېرىپ، ئاخىرقى ھۆنىرىمنى ئىشقا سالماقچى بولۇۋاتاتتىم.

ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ قاتتىق چۆچۈپ كەتتىم ۋە كېكەچلىگىنىمچە چۈشەندۈرۈشكە باشلىدىم: «مېنىڭچە ئازراق ئىسسىپ كەتكەندەك قىلىمەن... بۇ يىل باھار بەك بالدۇر كەلدى، سىزنىڭچىچۇ؟» ئىنتايىن چىڭ باغلىۋەتكەن گالستۇكۇمنى كۈچەپ تارتتىم. ئۇ قوشىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى: «ئۇنىسى راست، ئۆيۈمدىكى ئون بىر تۈپ شاپتۇل دەرىخى...» مەن شامالدۇرغۇچنى دەرھال ئېچىپ ئېيتقان سۆزۈمنى ئىسپاتلىماقچى بولدۇم.

سائەت ئون بىردە ئىنتايىن موھىم بىر ئىشنى قىلىشىم كېرەكلىكى ئېنىق ئېسىمدە. بىراق لوسنىڭ سوئالى مېنى ئەندىكتۈرىۋەتكەنىدى. لوسنىڭ نەزەرىنى مەندىن باشقا يەرگە ئاغدۇرمايدىغانلىقى ئېنىق. بىراق كۆزلىرىم شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ قوڭغۇراقلىق سائەتكە قاراپ سالدى. ئون بىرگە بىر مىنۇتلا قالغانىدى. مەن چىرايىمغا ھاپىلا ـ شاپىلا كۈلكە يۈگۈرتۈپ، لوسقا قارىدىم، بىراق ئۇمۇ ماڭا ئەگىشىپ سائەتكە قارىغانىكەن.

بەختىمگە يارىشا، لوس ئورنىدىن تۇرمىدى. ھەر ھالدا يەنە بىر مىنۇت ۋاقىت بار. گەرچە كاللامدىن ئۆتمىسىمۇ، پۇتلىرىم ئورنىدىن قوزغىلىپ دەلدەڭشىگىنىمچە ئىشكاپ تەرەپكە ماڭدى.

ھېچنەرسىگە قارىماي ئىشكاپ ئالدىغا بارغىنىمدا، ھېلىقى قەغەزنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىنى بايقىدىم. ئۇ ئۆلگۈر قەغەزنى ئۆلگۈر شامالدۇرغۇچ ئۆلگۈر ئىشكاپنىڭ كەينىگە ئۇچۇرىۋەتكەنىدى.

مەن لوسنىڭ ئالدىدا بىر يىل ئاۋالقىدەكلا ئىختىيارسىز ھاڭۋېقىپ، بېشىمنى قاشلىغىنىمچە تۇرۇپلا قالدىم. كۆزلىرىم گالۋاڭلىق بىلەن پىرقىرايتتى. يۈكۈنۈپ تۇرۇپ ئۇنىڭدىن ئەپۇ سورىماقچى بولدۇم. سائەت ئون بىر بولدى. ئۇ كەتتى. ئىشكاپنى ھارغىن ھالەتتە يۆتكىدىم. ئەسلەتمە كارتىسى ئۇ يەردە توپا ـ چاڭغا مىلىنىپ جىممىدە تۇراتتى. ئاخىرقى قۇرلارغا: «سائەت ئون بىردە، لوس مۇبادا ئىپادەمدىن يېتەرلىك رازى بولسا، ئېتىلىپ بېرىپ، ئۇنى يەتتە قېتىم سۆيۈپ قويىمەن ۋە تىزلىنىپ توي قىلىش تەكلىپىنى قويىمەن» دەپ يېزىلغانىدى.

مېھرىنىسا ئىسمايىل تەرجىمىسى(گېرمانىيە)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# يوقلۇق

(نەسىر)

ئابدۇلئەھەد ئابدۇللا تۇۋش (تۈركىيە)

يوقلۇق ئاجايىپ بىر نەرسە،ئۇ بەزىدە ئادەمنى شۇنچىلىك خوش قىلىدۇكى، ئادەم ھەممە نەرسىگە ۋارقىرىغۇسى كېلىدۇ، تاغلارغا قاراپ، «ئاخىرى يوق بولدى، ئەڭ ئاخىرىدا قۇتۇلدۇق»، دەپ تووۋلىغۇسى، سۇلارغا قاراپ، «نىمانچە گۈزەل دۇنيا بۇ»، دېگىنىچە چىقىرغۇسى كېلىدۇ.

بەزىدە ئىنساننى شۇنچىلىك ئازاپلايدۇكى، ياشاشنىڭ ھېچبىر لەززىتى ۋە مەنىسى قالمىغاندەك تۇيۇلۇپ كېتىدۇ. ھەممە نەرسىنى تاشلاپ قويۇشنى كۆڭلىگە پۈكىدۇ، ئۆزىنى كاچاتلايدۇ، كىملەرنىدۇ تىللىغۇسى، كۈچى يەتسە يوقلۇققا سەۋەپ بولغان ئاشۇ رەزىل ئادەملەرنى، پەس نەرسىلەرنى يەر بىلەن يەكسان قىلىپ چەيلىگۈسى، شۇ ئارقىلىق يوقلۇقنىڭ ئازابىنى چىقارماقچى بولىدۇ ۋە ھەتتا ئاشۇ يوقلۇق بىلەن بىرگە مەنمۇ يوق بولسامچۇ، دەپ ئارزۇ قىلىشىدۇ.

يوقلۇق غەلىتە بىر نەرسىكى، بارىدا ئىنسانغا بىلىنمەيدۇ، ئېنىقراقى ئىنسان بىلمەيدۇ ياكى قەستەن بارلىقىدىن قۇسۇر ئىزدەيدۇ، ئارقىسىدىن گەپ تاپىدۇ، ۋە ھەتتا ئورا كولايدۇ، ئېشىغا زەھەر قاتىدۇ؛ ئەمما يوقلۇقىدا، ئايرىلغىنىدا، قولدىن كەتكىنىدە ئىنسان قەدرى شۇنچىلىك ئۆتىلىدۇكى، يوقلۇقنىڭ باشلانغان كۈنىلا پۈتۈن دۇنيادىن ئايرىلغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالىدۇ، تەمتىرەيدۇ، گاڭگىرايدۇ، يوقلۇق ھەققىدە قەسىدىلەر، مەرسىيەلەر يازىدۇ...

يوقلۇق ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان بىر ئەپسۇنغا ئوخشايدۇ. بەزىلەر بۇ ئەپسۇننىڭ تەسىرىدە ئادىشىدۇ، ئۆزىنى يوقىتىدۇ، ھايات مەقسەتلىرىدىن يىراقلىشىدۇ؛ بەزىلەر ئەپسۇننىڭ بىر مىراسخورى بولمىغانلىقىدىن ھەسرەت چېكىشىدۇ ۋە ئويغىنىدۇ، يولىنى قايتىدىن تاپىدۇ.

يوقلۇق ئاسماندىن ۋاقىتسىزلا ئۆچكەن چولپان يۇلتۇزغا ئوخشايدۇكى، ئىنسانلار كېچىنى گۈزەل قىلىدىغان بۇ يۇلتۇزنى قايتا كۆرەلەرمىزمۇ دېيىشكىنىچە باشلىرىنى قاماللاپ ئاسمانغا باقىدۇ. بەزىلەرگە ئاسماندا قاراڭغۇلۇقتىن باشقا نەرسە كۆرۈنمەيدۇ، بەزىلىرى بولسا غۇۋا بولسىمۇ ئاجىز چاقناۋاتقان يۇلتۇزلارنى كۆرىدۇ ۋە يوقلۇقنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش يولىغا چۈشىدۇ.

يوقلۇق ئىككى يۈزلۈك ئادەمگە ئوخشايدۇ، بىر يۈزىدە دۈشمەنگە كۈلۈپ باقىدۇ، يەنە بىر يۈزىدە دوستقا ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز قايغۇنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئەمما ھەققەت شۇكى،دۈشمەنلەر ئۇنىڭ كۈلكىسىگە ئالدىنىدۇ، دوستلار قايغۇسىدا، سېغىنىشىدا سەگەكلىشىدۇ، ئويغىنىدۇ، ئاخىرىدا قارشىلىق كۆرسىتىدۇ.

قارشىلىق نەتىجىسىدە،، قولىدىكىنى قەدىرلەيدۇ، يوقلۇقنى ۋە قولدىن كەتكەنلىرىنى قايتىدىن قولغا ئېلىش ئۈچۈن بىر ئۆمۈر، ئەۋلاتمۇ-ئەۋلات كۈرەش قىلىدۇ.

يوقلۇق ئەسلىدە يوقۇلۇش ئەمەس قايتىدىن بار بولۇش، بار قىلىشتۇركى، بۇنىڭسىز بارلىقنىڭ ھېچ قەدرى بىلىنمەيدۇ، ئىنسان نانكورلۇق يولىغا ماڭىدۇ.

شۇڭا يوقلۇققا- سېغىنىشقا، قولدىن كېتىشكە ئۈمىدۋارلىق بىلەن بېقىش كېرەك، «سەپىرىڭ ئەڭ گۈزەل بىر مەنزىلگە قاراپ داۋاملاشسۇن» دېيىش كېرەك.

تاپقىنى گۈل كەلتۈرەر،
تاپمىغنى بىر باش پىياز.
تاپقىنى قوي ئۆلتۈرەر،
تاپمىغنى چۈجە خوراز.

ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىلى

# ئىككى شېئىر

لىندا كلاككەن (نورۋېگىيە)

## ئىككى مىڭ يىللىق نۇر مۇساپىسى

ئەمبەلدىكى ئۇندەك،
مىسكىن ھالەتتە،
خېمىر يۇغۇرۇش تەرەددۇتىدا مەن،
بىر نوقتىغا يىغىلغان.
ئېچىتقۇ، سۇ، تۇز، ۋە ئازراق ھەسەل،
تىزلا بېرىكىپ ئۆز كۈچىنى كۆرستەر.
ئۇ چىملىققا يوشۇرىنىۋېلىپ،
خوشنىمىزنىڭ مۈشۈكىنى كۈزەتمەكتە.
خۇددى ئاپتاپپەرەس،
چېچىكىگە قونغان ھەرىنى تۇتماقچى بولغاندەك،
ئىككى مىڭ يىللىق نۇر مۇساپىسدە،
ئاپتاپپەرەستىن چىققان نۇر تۈگەي دەپ قالغاندا!

## توغان

تاش ۋە شېغىللارنى كۆپ ئېلىشىمىز كېرەك،
دەريانى تىزگىنلەش ئۈچۈن.
ئاندىن،
كۆز ياشلىرىمىزنىڭ ئېقىپ كىرىشىنى توسىمىز،
ھەر بىر بوشلۇقنى ھىم ئېتىپ.
ئۇ، يىراقتا تۇرۇپ توغاننىڭ ئىككى تەرىپىدىن
ئۆزۈپ، ئۆتكىلى بولىدىغانلىقىنى پەرەز قىلىدۇ.
ئارقىدىن، ماگا ۋاقىراپ تۇرۇپ
توغاننى ئېچىش سىگنالى بېرىدۇ
بىز قىينالمايلا ھەم توغرا ھەم تېز سۈلھى تۈزىمىز ـ
دە
دەرياغا تېنچلىق ئېلىپ كېلىمىز.

نورۋېگىيە تىلىدىن مۇتەللىپ سەيدۇللا تەرجىمىسى(نورۋېگىيە)

# نالە ـ زار

دوختۇر تۇرغۇنجان ئۇيغۇر تۈرك ئوغلى

خىيال دەرياسىغا شۇڭغۇپ تەپەككۇر بېلىقىم كەلسە،
كۆز تېگىپ يىراقلارغا تەلمۈرۈپ قارىسام يوق!

تەسەۋۋۇر چۆللىرىدە كەزگەن ئەقىل دۇلدۇلۇم كىشنەر،
چاڭ توزاندىن كېيىن دۇربوندا قارىسام يوق.

زەھەردە سۇغۇرۇپ يازغان مەكتۇپ ئوقلىرىڭ تەگدى،
كۆزۈڭگە قادىلىپ تۇرۇپ ئۆكسۈپ بېرەي دېسەم سەن يوق!

نىمانچە گۈل كەبى ھۆسنۈڭ رەسمدە دەرغەزەپ باقتىڭ،
يېقىپ باغرىمغا مەن سېنى سۆيۈپ بېرەي دېسەم سەن يوق!.

بۇ يالغۇزلۇق ئازابىدا سېنىڭ دەشناملىرىڭ قالتىس،
بۇ ھالىمۇ ئىتمۇ قايىلدۇر ئۆلۈپ بېرەى دېسەم سەن يوق!

يېتەر ئەمدى يۈرەك ئەزمە شاھىتىم ئۇلۇغ رەببىم،
سەبىر قىل مۇنەۋۋىرىم كۈلۈپ بېرەي دېسەم سەن يوق!

باشتا سۆيگەن بولساڭ مەنمۇ كۆيگەن بولسام،
غېرىبى ۋەيراننى ئۆلتۈرسەڭ تۇرۇپ بېرەي دېسەم سەن يوق.

1989 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى
قەھرىمان ماراش، تۈركىيە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# قەلبىم ماتەمدە بوٛگوٛن

(ھېكايە)

گوٛلبەھرەم خوشايېۋا (قازاقستان)

«سەن نەدە؟ نېمە بىلەن بەنت؟ نېمە ئوٛچوٛن ئىجادىيەت سەھنىسىدە كوٛرۈنمەي كەتتىڭ؟»

سوئاللىڭ توغرا، خەلقىم. سەن بىلەن موٛڭدىشىش ئوٛچوٛن، سېغىنغاندا دىدارلىشىش ئوٛچوٛن، قولوٛمغا قەلەم ئېلىشقا مەندە مادار يوق. چوٛنكى، كوٛڭلوٛمدە ماتەم، قەلبىمدە كوٛز ـ ياش، يوٛرىگىمدە بولسا، ئورنى تولماس يوقىتىش بوٛگوٛن.

نېمە دېگەن چاپسان ۋە ئالدىراقسان بۇ ئالەم! مەن ھاياتنىڭ قانۇن ـ شەرتلىرىنى باش كوٛتەرمەي ئورۇنلاش بىلەن بەنت بولۇپ يوٛرگىنىمدە، ۋۇجۇدۇمنى جۇدالىق دەردى ئېگىلەپ ئوٛلگوٛردى.

ئۇ، خۇدانىڭ قۇدرىتى!، نادانىمېدىم ياكى بەختلىكمىدىم، بىلمىدىم. ئەيتاۋۇر، ئوٛزەمنى «يوقىتىش» قا ئوخشاش دەھشەتلىك ئەھۋالغا تېخىچىلا تەييارلىمىغان ئېكەنمەن. يۇرتۇمنى، ئۇچۇما بولغان ئىسسىق ئۇۋامنى سېغىنىپ بارسام، ھەمىشەم مېھىر ـ مۇھەببەت بىلەن قۇچاق ئېچىپ كوٛتوٛۋالىدىغان موما، دادام ۋە ئاپام بولغاچقا، ئوٛزەم ئالللقاچان بالا ـ چاقىلىق بولۇپ كەتسەممۇ، قەلبىمدىكى باللىق ھېسسىياتلىرى تېخىچىلا يىراقلاپ كەتمىگەن ئېكەن. موما ئىسسىق ئالقىنى، ئاپام مېزىلىك ئەتكەن چېيى، دادام يۇمشاق گوٛشى بىلەن قارشى ئېلىۋەرسە، ئەتىماھلىم، ھايات مۇشۇنداقلا ئوٛتىدىغان چېغى، دېگەن ئوخشايمەن.

ئۇلارنى كوٛرۈشوٛم بىلەنلا، موٛرەمدىكى ئائىلىۋىي، خىزمەت، ئىجادىي ۋە باشقا توٛرلوٛك ـ توٛمەن خىل ۋەزىپىلىرىمنى بىر ئاز ۋاقىت ئارقامغا تاشلاپ، ئوٛزەمنى پەقەت نەۋرە ۋە پەرزەنت سوٛپىتىدە سېزىشكە تېرىشاتتىم. ئۇلارمۇ، خۇددى شۇنداق شارائىت يارىتىپ بېرەتتى ۋە ئالەمدە مەندىن ئارتۇق بەختىيار ئىنسان يوقتەك سەزگەن مەن قەدىردانلىرىمنىڭ ئىسسىق باغرىغا شۇڭغۇپ كىرىپ كېتەتتىم.

سىرتقا چىقسام، ئوٛزەم ئوٛسكەن كەڭ ـ تاشا ھويلا ـ باغلىرىم، تاپ ـ تازا ھاۋا، بېغىمنى ئارىلاپ ئېقىۋاتقان موٛلدوٛردەك سوٛزوٛك سوٛيوٛم، ئەتراپىمدا بولسا، بىباھا قىممەت ئادەملىرىم... مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ، گوٛزەل باللىق چاغلىرىمنى يېنىپ ـ يېنىپ ئەسلىتىپ، ئەشۇ دەۋرگە ھامان يېتىلەيتى.

ئەپسۇس، مېنىڭ، مۇشۇ خىل ئارامبەخش ھېسسىياتلىرىم بىردىنلا تار ـ مار بولدى. قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا بايىقىدەك گوٛزەل جايلار غېرىپلىقتا ۋە مىسكىنلىكتە قالدى. مېنىڭ تاتلىق ھېسسىياتلىرىم دەل مۇشۇ يەردە توختىدى، خالاس. چوٛنكى بەختىيار چېغىمنىڭ، باش قەھرىمانلىرىنىڭ بىرى باقى دۇنياغا سەپەر

قىلغان ئىدى. بۇ — قۇتلۇق ئۆيۈمىزنىڭ بەرىكىتى ۋە پولاتتەك تۈۋرۈكى، ھەممىمىزنىڭ تاغدەك يۆلىكى بولغان مېنىڭ قەدىردانىم — دادام ئىدى.

مانا، قەدىردانىم، ئەزىزىم دادا، يىغلاپ-قاخشاپ يۈرۈپ سىزنى باقى دۇنياغا ئۇزىتىۋەتكىنىمگە ئالتە ئاي بوپتۇ، سەنسىز قاراڭغۇ قىشمۇ كېلىپ كەتتى. سەن بار چاغدا كۆكلەپ تۇرغان يوپۇرماقلار، ئۆزەڭگە ئوخشاش غازاڭ بولۇپ ئۆلگۈردى. ئالتە ئاي ئىچىدە ئۆتكەن كۈنلەر ۋە تۈنلەر ئائىلەڭ، بالا-چاقاڭ ئۈچۈن قانچىلىك دەرىجىدە ئېغىر بولغانلىقىنى ئېيتمىغىنىم ياخشىراقتۇر دەيمەن.

كۈنلەر ۋە ئايلار ئۆتكەنسىرى، يۈرەكتىكى ساقايماس يارىنىڭ ئاغرىقى كۈچىيىۋېرىدىكەن، قېرىشقاندەك بۇ يىلقى قىش، خۇددى ئۇزاق يىللار ياغالماي يۈرگەندەك، ئۈستۈڭنى قېلىن قار بىلەن قاپلاپ تاشلىدى. بۇ كۈنلەردە سېنىڭ دەردىڭنى يالغۇز تارتالماي، ئاپامنىڭ بەزلىشىگە مۇھتاج بولۇپ، ئۇنىڭغا تېلېفون قىلسام، خۇدا پاناھ بەرسۇن، ئۇنىڭ ئەھۋالى مېنىڭكىدىن ئون ھەسسە ئېغىر بولۇپ چىقاتتى. مەن دەرھال ئۆزەمنى بېسىپ:

— ئاتىسىدىن ئايرىلغان مەن ئىدىمغۇ، سەن مېنى بەزلەپ تەسەللى بېرىشىڭ ئورنىغا، ئۆزەڭ تېخىچىلا ھازىدىغۇ، ئاغرىپ يېتىپ قالغۇڭ كېلىۋاتامدۇ ياكى؟ — دەپ جېمىلەپ قويىمەن.

ئۇنى سەل بولسىمۇ بېسىش ئۈچۈن ئەلۋەتتە، تېلېفوننى قويغاندىن كېيىن ئۆزۈم ئۇنىڭدىنمۇ ئېشىپ چۈشىمەن.ئاندىن ئاپامنىڭ سۆزلىرىنى ئەسلەيمەن.

— داداڭنى قېلىن قار بېسىۋالدى. ئۇ ئەمدى مېنىڭ مۇڭ-زارىمنى تېخىمۇ ئاڭلىماس بولدى، — دەيدۇ ئۇ بىر كۈنى.
— بۇ دەرتلەرنى قانداق تارتىشىمنى بىلەلمەي. ئېيتقىنا، داداڭغا ئوخشاش مېھرىبان، كۆيۈمچان ئادەملەر ھاياتتا نۇرغۇنمۇ؟— دەيدۇ ئۇ يەنە بىر كۈنى.

— ئۇنىڭ ئاخىرقى كۈنلەردە ماڭغان، تۇرغان يەرلىرىنى مىڭ پېقىرايمەن، ئاغرىپ يۈرگەن ۋاقتىدا «سالقىندا ياتىمەن» دەپ باغدىكى سۇغا يېقىن جايغا كارىۋات قويۇۋالغان ئەمەسمىدى. ھەر كۈنى تاڭ سەھەردە ئەشۇ يەرگە بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىپ قايتىمەن.

يېقىندا باققا كېتىپ بارسام، باغلاقلىق تۇرغان ئېتى ماڭا قاراپ ئالايتەنلا كىشنەپ كەتتى. ماڭا ئۇ مېنىڭدىن «ئىگەم نەدە مېنىڭ؟»، دەپ سوراۋاتقاندەك بىلىندى. مەن ئۇنىڭغا «سەنمۇ ماڭا ئوخشاش دەرت تارتىۋېتىپسەندە، جانىۋار، مەنمۇ سېنىڭ ئىگەڭنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى بىلەلمەي قالدىم»، دەپ نالە قىلدىم، — دەيدۇ ئاپام يىغىسىدىن توختىماي يەنە بىر قېتىمدا.

ئاپامنىمۇ چۈشىنىشكە بولىدۇ دادا. ئۆزى ئۈچۈن بىر ئۆمۈر پەرۋانە بولغان ساڭا ئوخشاش جۈپتىدىن ئايرىلىش ھەر قانداق، ئادەمگە تەستۇر، بەلكى، بۇمۇ سېنىڭ ئۇنىڭغا 52 يىل داۋامىدا يەتكۈزگەن ئەقىدە ۋە ساداقىتىڭنىڭ نەتىجىسىدۇر، دەيمەن.

تۇيۇقسىز يادىمغا ئۆتكەن يىلى ئاپامنى ئوپېراتسىيەگە ياتقۇزغان ۋاقتىمىز كەلدى. ئاپامنى ئوپېراتسىيە زالىغا ئېلىپ كەتتى. دادام بىردە ئۈستۈنكى قەۋەتكە، بىردە ئاستىنقى قەۋەتكە مىڭ قاتنىۋەتتىغۇ دەيمەن. تاماكا دېگەن كەينى-كەينىدىن چېكىلىۋاتىدۇ. تەلىيىمىزگە ئوپېراتسىيە ئوڭۇشلۇق بولدى. لېكىن ۋراچلار كەچ سائەت ئونلاردا بىزنى «ئەتە كېلىڭلار، ئاپاڭلار تېخى ئويغانمىدى»، دەپ سىرتقا قوغلاشقا باشلىدى. ئاڭغىچە دادام بىزگە «سىلەر كېتىۋېرىڭلار، مەن ئۇ ياق-بۇ ياققا مېڭىپ تاڭ ئاتقىچە يۈرۈپ تۇرىمەن. ئاپاڭلار ئويغانغاندا بىرەرىمىز بولسىمۇ مۇشۇ يەردە بولمايمىزمۇ»، دەپ لۆممىدە ياش تولغان كۆزلىرى بىلەن ماڭا قارىدى. بۇ نويابىرنىڭ ئوتتۇرىسى ئىدى. شۇ كۈنى قار يېغىپ، بۆلەكچىلا سوغ بولۇپ كەتكەن. ھەممىمىز يالاڭ كىيىم بىلەن كېلىۋالغان ئىكەنمىز. دادامنىڭ ئۈستى-بېشى تېخىمۇ يالاڭ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋراچلار بىزنى چىقىرىۋېتىپ، ئىشىكنى ئاللىقاچان ئىلىۋالغان ئىدى. دادام ئەشۇ سوغدا تالادا يۈرۈپ تۇرغىدەكمىش...

ئىنىلىرىم بولسا ماڭا:
— قېنى، بىر نەرسە دېمەمسەن؟ — دېگەندەك نەزەر تاشلىدى. مەن ئۇنىڭ ۋاپادارلىقىغا تەۋرەندىم ۋە پەخىرلەندىم، ئەلۋەتتە. ئەمما :

— بۇ سوغۇقتا تالادا تۇڭلاپ قالىسەنغۇ، ئەتە ئەتىگەن سائەت ئالتىدە كەلمەيمىزمۇ، — دەپ سۆرەپ دېگىدەك ئېلىپ كەتكەنىدىم ئۇنى شۇ كۈنى. شۇ پەيتتىكى ئۇنىڭ مىسكىن قىياپىتى خېلى ۋاقىتلارغىچە كۆز ئالدىمدىن كەتمەي قىلىۋىدى.

www.uyghurkitap.com

ئاپامنى ئۆيگە چىقارغاندىن كېيىن مەن مەلىگە ئۇنى يوقلاپ باردىم. دادام ئۆز ئادىتى بويىچە مىلىك پەرۋانە. مەن قايتقان چاغدا بولسا ئۇ:

— سىنىڭ ئىشىڭ نۇرغۇن، تولا كېلىۋەرمىگىن، بىز بۇ يەردە باشقىلارغا. مەن ئۆزەملا ئاپاڭنى بىر يىل قولىنى سۇغا تەككۈزمەي بېقىۋالىمەن، —دېگەن ئىدى. ئەمما ئۈچ-تۆرت ئايدىن كېيىنلا ئۆزىنىڭ ئانچىلا ساقلىقى بولماي قالدى. شۇنچە تىرىشىپ باقسىمۇ، ھېچ مىجەزى بولمىغاچ:

— خەپ، مۇنۇ چىدىماسلىقنى قارا. قېنى مېنىڭ ئاپاڭنى بىر يىل باقىمەن دېگەن ۋەدەم. ئۇيالماي، قىزارماي لەخمە بولۇۋالغىنىمنى قارىمامسەن، — دەپ ھەسرەتلىنەتتى.

لېكىن ئاددىي تۇمۇ بىلەن باشلانغان، بۇ كېسەلنىڭ مېنىڭ دادامنىڭ جېنىغا تېگىلىپ كەلگەن ئەجەل بولۇپ قالىدىغىنىنى ئۇ چاغدا كىم بىلىدۇ دەيسەن.

مۇنۇ پەلەكنىڭ گەردىشىنى قارىمامسەن. پەقەت بىر يىلدىن كېيىن، دەل 18 -نويابىر كۈنى، ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلدى.

***

قەدىرلىك دادا!، سەن ھايات چاغدا ئۆزەڭدىن يوشۇرۇپ يۈرگەن يالغۇز سىرىم قېلىۋىدى. بۈگۈن رەسىمىڭ ئالدىدا ئەشۇ مەخپىي گېپىمنى ساڭا ئاچماقچىمەن. چۈنكى بۇ سىر مېنىڭ دىلىمنى ئازاپلاپ، ئارامىمنى قويمىدى.

...سېنىڭ كېسىلىڭ سوزۇلۇپ كەتكەچكە، مەن سېنى تەكشۈرتۈپ كۆرۈش ئۈچۈن ئالمۇتىغا ئېلىپ كەلدىم. ساقىيىپ چىقىدىغىنىڭغا جەزمەن ئىشەنگەن ھالدا دەرھال دوختۇرخانىغا ياتقۇزدۇم، ئەتىسىلا سېنىڭ بارلىق ئەزالىرىڭنى تەكشۈرۈش جەريانى باشلاندى. مەن ئىشتىن كېلىپ، ساڭا تاماق تەييارلاشقا كىرىشتىم، كەيپىياتىم ئۈستۈن، چۈنكى سېنى دەل ۋاقتىدا دوختۇرخانىغا ياتقۇزغىنىمغا ئۆزۈمدىن خوش. ئۇيغۇرچە ناخشا-سازلارنىمۇ قويۇۋەتتىم. سائەت بەشتە ۋەدە بويىچە يېنىڭغا بارماقچى ئىدىم.

سائەت ئۈچتىن ئون بەش مىنۇت ئۆتكەندە تېلېفون جىرىڭلاپ كەتتى. بۇ سەن ياتقان بۆلۈمنىڭ باشلىقى ئىكەن. مەن تۇرۇپكىنى تۇتقان پېتىم قېتىپلا قالدىم، ئاندىن:

— مۇمكىن ئەمەس، مۇمكىن ئەمەس. سىلەر خاتالاشقان بولۇشۇڭلار مۇمكىن، —دېدىم ئەندىكىپ.

مەن يېرىم سائەتتەك ۋاقىت ئارىلىقىدا ۋىراچنىڭ نېمە دېگىنىنى، ئۆزەمنىڭ نېمە دېگىنىمنى ئەسلەش ۋە ئېنىقلاش بىلەن بولدۇم. ئۇ ماڭا سېنىڭ كېسىلىڭنىڭ ناھايىتى ئېغىر بولۇشى ئېھتىماللىقىنى ئېيتقان ئىدى. (ئەشۇ كاساپەتنىڭ ئېتىنى ئاتىمايلا قوياي، جېنىم دادا، سەن ناھايىتى ئەقىللىق ۋە سەزگۈر ئادەمغۇ، دەرھاللا بىلىۋالىسەن، بىلىمەن).بىز ھەيران، سېنىڭ بۇ كېسەلگە دۇچار بوپ قېلىشىڭنى ئويلاپمۇ باقماپتىكەنمەن. ئاستا-ئاستا ھوشۇمغا كېلىپ، بۇ خەۋەرنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە دەھشەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلدىم، پەقەت بىر سائەتتىن كېيىن، پۈتكۈل ۋۇجۇدۇمغا يىغا يامىشىپ، جالاقلاپ تىترەپ، ئۆز-ئۆزۈمگە ئېگە بولالماي قالدىم. «خەپ» دېسەم خەپلىرىم سىغار جاي يوق. مېنىڭ دەرتلىرىم ئەشۇ بىر دەھشەتلىك تېلېفوندىن باشلىنىپ كەتكەن ئىدى، دادا.

بىر قارىسام دوختۇرخانىغا، ھەتتا سەن ياتقان ئۈچىنچى قەۋەتكە كېلىپ قاپتىمەن. كۆزلىرىم قىزىرىپ، ئىششىپ كەتكەن، دەرھال ھوشۇمنى يىغدىم، چۈنكى سەن ئالدىمغا تۇيۇقسىز چىقىپ كەلدىڭ. پەقەت شۇ پەيتتە ساڭا «ئەتە تاماق يېمەي مېنى كۈتكىن، مەن ئىسسىق تاماق ئەكىلىمەن» ، دېگىنىم يادىمغا چۈشتى. سەن كەچكى غىزاغا بارماي، مېنى كۈتۈپ يۈرگەن ئىكەنسەن، مېنىڭ قولۇمدا بولسا، تامامەن ھېچ نەرسە يوق ئىدى. تەييارلاۋاتقان تامىقىمنى تېلېفون كەلگەن پەيتتە توختىتىپ قويغانلىقىم شۇ چاغدا بىردىنلا يادىمغا كەلدى. «ئەمدى قانداق قىلاي، نېمە دەپ قويۇشۇم كېرەك» ، سېنىڭ كۆزۈڭگە ئۇدۇل قارىيالماي، ئىچىمدە گەپ توقۇۋاتىمەن.

— بېشىم... بېشىم قېرىشقاندەك ئاغرىپ... ئىشتىنىمۇ قويۇپ بەرمەي تۇتۇۋېلىپ... ساڭا... ساڭا ھېچ نەرسە ئەكىلەلمەي قالدىم...

دۇدۇقلاپ يۈرۈپ بىر نەرسىلەرنى دېدىم، ئەيتاۋۇر يالغان گەپنىڭ

قاملاشماي كېتىدىغىنىچۇ، تېخى.

سەن غىزالىڭ ئەمەس، مېنىڭ غېمىمنى قىلىشقا باشلىدىڭ.

— بېشىڭ ئاغرىۋاتسا نېمىشقا كەلدىڭ، بالام؟ دورا ئىچىپ ياتساڭ بولمامدۇ؟ ھازىر بولسىمۇ بىرىپ ياتقىن، — دەپ ۋايىم يەپ كەتتىڭ.

— ياق، ھازىر خېلى ياخشى بولۇپ قالدىم، ھە، راست، دوختۇرلار نېمە دېدى؟ ئىش بىلەن بولۇپ ئۇلارغىمۇ يولۇقالمىدىم، — دېدىم ئارانلا كۆزۈمنى سېنىڭ كۆزلىرىڭدىن قاچۇرماقتىمەن، ئەكسى ھالدا پۈتكۈل ۋۇجۇدۇمنى چۇلغىۋالغان قايغۇ-ئەلەمنى سېزىپ قالىسەن، (ئەڭ بولمىغاندا نادان-ساددىراق ئادەم بولساڭمىغۇ، كاشكى) ۋەزىيەت ئىنتايىن كەسكىن، ئۆزۈمنى قانداق تۇتۇشنى بىلمەيۋاتاتتىم. سەن بولساڭ دوختۇرلارنىڭ ناھايىتى دىققەتچان، مېھرىبان ئىكەنلىكىنى، ئۆزەڭنى بىر ئەمەس، ئۇندىن ئۇشۇق ۋراچ تەكشۈرگىنىنى ۋە سېنى بۇ يەرگە دەل ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ كەلگىنىمنى رازىمەنلىك بىلەن سۆزلىمەكتە ئىدىڭ. «ۋاي، بىچارە دادامەي»، دەيمەن ئىچىمدە، سەن خۇشال بولغانسېرى يۈرىكىمنىڭ ئەڭ ئىنچىكە تومۇرلىرىغىچە قىسىلىپ، ئۆپكەمنى ئۆرتەتتى. ئەمما ناھايىتى ئېھتىياتچان ۋە غەيرەتلىك بولۇشۇم كېرەك. باشقىچە بولغاندا، سېنىڭ ئۈستۈن روھى ھلىتىڭنى بىر مەھەلدىلا بۇزۇۋېتىشىم مۇمكىن. كەيپىياتىمنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، سېنى دەل موشۇ «خۇشاللىق»دا ئامالىمنىڭ بارىچە ئۇزاقراق تۇتۇشۇم كېرەك. 'كەيپىياتىمنىڭ قاش-قاپىقىغا قاراپ ئولتىرىدىغان ۋاقت بۇ ئەمەس! — دەيمەن ئۆزۈمگە قەتئىي. ئەمما بۇ رولنى ئېلىش جەريانىدا ئىچكى سېزىملىرىمنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ئازاپتا قالغانلىقىنى بىر ئۆزۈم بىر ئاللاھ بىلىدۇ، جېنىم دادا.

بۇ كۈنلىرى پۈتكۈل ۋۇجۇدۇمنى ئىگىلىۋالغان«ئەمدى نېمە قىلىمەن؟ قانداق قىلسام دادامنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قالالايمەن؟ ياشاشقا قانچىلىك ئىمكانىيىتى بار ئۇنىڭ؟»، دېگەن تەشۋىشلىك سوئاللار بىلەن دوختۇرلارنىڭ كەينىدىن يۈگرۈپ يۈرگەن بولسامۇ، سېنىڭ يېنىڭغا كىلىپ كۈلۈمسىرەش بىلەن «بۈگۈن چىرايىڭ خېلى ياخشى، دورىلار يېقىۋاتقان ئوخشايدۇ، ئاز كۈندە تېخىمۇ ياخشى بولۇپ كېتىسەن، دوختۇرلارمۇ شۇنداق دېيىشىۋاتىدۇ»، دېگەنگە ئوخشاش ياسالما سۆزلەرنى ئېيتىشتىن يالتايمىدىم. ھە، ۋراچلارنىڭ سەن يېتىپ ئىككى كۈندىن كېيىنلا «دادىڭىزنى «ئۆزىنىڭ» دوختۇرخانىسىغا يۆتكىۋېلىڭلار. بىزدىكى» دېگىنى، بىزنىڭ تەخمىن ئەنە شۇنداق» دەۋاتقىنىنى، مېنىڭ ئۇلارغا «دادامغا نېمە دەپ چۈشەندۈرىمەن؟ بارلىق شەرتىگلارنى ئورۇنلاشقا مەن تەييار، ئىلتىماس، پەقەت مۇشۇ يەردە يەنە بىر ئاز ياتسۇنچۇ»، دەپ يالۋۇرۇپ يۈرگىنىمنى سەن نەدىن بىلسەن، ئەزىزىم دادام.

سېنىڭ يېنىڭدىن پەقەت ئىككى چامدام نېرى كەتكەندىن كېيىنكى ھالىمنى دوختۇرخانا بىلەن ئۆي ئارىلىغىدىكى يوللار بىلىدۇ، قاياشىم مېنىڭ.

شۇ-شۇ بولدى، ساڭا چىقىرىلغان ئەشۇ ھۆكۈمنىڭ راست-يالغىنىغا يېتىش ئۈچۈن سېنى دوختۇرخانىدىن دوختۇرخانىغا مىڭ خىل باھانە-سەۋەپلەر بىلەن يۆتكەش، تەكشۈرتۈش ئىشىنى داۋام قىلدىم. سەن بولساڭ مېنىڭدىن «ھېچ يېرىڭدە جىددىي ئاغرىق يوق ئىكەن دەيسەنۇ، مېنى ئۇ ياق، بۇ ياققا سۆرەپ ھالىمنى قويمايسەن»، دەپ خاپا بولدۇڭ. سېنىڭ ئېيتقىنىڭ ناھايىتى توغرا، دادا بىراق، ماڭا مۇنۇ مۇھىم مەسىلىنى ئېنىقلاش لازىم. قىرىشقاندەك دوختۇرلارمۇ ھەر خىل تەخمىن قىلىشنى داۋام قىلدى، ئامما كۆپچىلىكى ئەشۇ "«دەھشەت كېسەلنى» نى سەندە بار دەپ ئىقرار قىلىشتى.

مەن ئەمدى خەلق تىبابەتچىلىكىگە ئائىت بارلىق داۋالاش ئۇسۇللىرىنى، ئىنتېرنېت بارمۇ، گېزىت ۋە جۇرناللار بارمۇ،ئەيتاۋۇر، ھەممە ياقتىن ئوقۇغان، ئاڭلىغىنىمنى ئىزدەشتۈرۈپ تېپىپ، دورا ياساشقا، سېنى داۋالاشقا، يەنى بۇ شۇم كېسەل بىلەن كۈرەش قىلىشقا كىرىشتىم. سەن مېنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىمغا ھەيران بولۇشنى داۋام قىلدىڭ. ھە، مەن بولسام سېنى داۋالاشنى.

ئەپسۇس، ئاتا جېنىم، مىڭ ئەپسۇس، مەن كېچىكىپ قالغان ئىكەنمەن. سېنىڭ ھاياتىڭ ئۈچۈن كۈرەشنى باشلىغان پەيتىمدە، ئاللاھ ئىگەم ساڭا ئەڭ ئېغىر ھۆكۈمنى چىقىرىپ ئۈلگۈرگەن ئىكەن.

سېنىڭ ھالىڭ كۈندىن-كۈنگە ناچارلىششقا باشلىدى. مەن تىپچەكلىگەنسىرى، سېنىڭ ئۆمرۈڭنىڭ گۈلى ھامان سولماقتا ئىدى.

www.uyghurkitap.com

نە قىلاي، تۈۋرۈكۈم دادام، نە ئېتەي، سېغىنىم دادام، مەن بۇ كۈرەشتە يېڭىلىش بىلەن تىز پۈكتۈم. ھەممە دورا-دەرمەكلىرىمنى قۇچاقلىغان، ھېچ چارىسىز تىپىرلىغان پېتىم قالدىم، دادا.

ساھىدەم (يالغۇز سىڭلىم) ھېمىشەم يېنىمدا يۈرگەچكىمۇ، ياكى ئۇنىڭ تەقدىرى ئوڭۇشلۇق بولماي، ئىككى بالا بىلەن يالغۇز قالغاچقىمۇ ئەيتاۋۇر، ئۇنىڭغا باشقىچىلا ئامراق ئىدىڭ، مەن ئۆتكەن يىلى يازلىق تەتىلدە ئۇنى بىر ئاز ئىشلەپ كەتسۇن، دەپ شەھەرگە ئېلىپ كەلسەم، سەن تېلېفوندا «ساھىدەمنى ئەۋەتىۋەتكىن»، دەپ يېنىپ-يېنىپ سوراۋەردىڭ. ئۇمۇ سېنىڭ ئەھۋالىڭغا مۇناسىۋەتلىك كۆڭلى ئارامسىزلىنىپ، مەھەللىگە كەتتى.

— مەن ئىشىكتىن كىرىپ كەلسەم، دادام دىۋاندا ئولتۇرغان ئىكەن. چىرايى ناھايىتى ناچارلىشىپ كېتىپتۇ. مېنى كۆرۈشى بىلەن ئۈمچىيىپ، «سەن نەگە كەتتىڭ، قىزىم، مەن سېنى كۆرمەي قالىمەنمىكىن دەپ قورقۇۋېدىم»، دەپ يىغلاپ كەتتى. دادام ھېمىشەم ناھايىتى جىددىي سۆزلۈك، ھەتتا چىرايى سۈرلۈكرەك يۈرۈيدىغان. ھە، لازىم بولسا، چاقچاقنىمۇ ناھايىتى ئورۇنلۇق قىلىدىغان ئادەم بولغاچقا، ئۇنىڭ بۇ ھالغا چۈشۈپ قالغىنىغا يۈرەك-باغرىم تىتىلىپ كەتتى. ئاز ۋاقىت ئىچىدىلا سۇنماس دادامنى سۇندۇرۇپ قويغان ئەشۇ كېسەلگە لەنەت ئوقۇدۇم، — دەيدۇ ئۇ دادامنى ئەسلەپ ئولتارغىنىمىزدا.

— ئۆتكەن يىلىلا تالادا قارشۇۋىرغان يېغىۋاتاتتى. ئۆيۈمنى ياخشى ئىسسىتالماي ئىككى قىزىم بىلەن شۈمشىيىپ ئولتۇراتتىم، ئاپام بىلەن دادام كىرىپ كەلدى، — دەيدۇ ساھىدەم كۆز ياشلىرىنى سۈرتىۋېتىپ، — دادامنىڭ قولتۇغىدا دېرىزە ئەينەكلىرىنىڭ تېشىغا قاقىدىغان چېللوفان قەغەز، بولقا ۋە مىقلىرى بار ئىدى.

— تالا سوغۇق بولۇپ كەتكەچكە، سېنى مۇزلاپ قالدىمىكىن دەپ ئاپاڭ ئىككىمىز ئەنسىرەپ ئولتۇرالمىدۇق، — دەپ ئۇ دەرھال بايىقى قەغىزىنى قېقىشقا باشلىدى. ئاپام ئىككىمىز ئۆينىڭ ئىچىدە تۇرۇپ شىۋىرغاننىڭ ئۇنىڭ ياقىسىغا قارنى تولدۇرىۋەتكىنىنى كۆرۈپ:

— بولدى، سوغ بېسىلغاندا قاقارسەن، — دېگىنىمىزگە ئۇنىماي، ئۈستى-بېشى ئاپپاق قارغا كۆمۈلۈپ قالسىمۇ، ھېچ قىلىپ يېپىۋەتمىگىچە ئۆيگە كىرمىگەن ئىدى. ئەشۇ قەغەزنىڭ ئىسسىغىمۇ ياكى ئاپام بىلەن دادامنىڭ مېھرى-مۇھەببىتىمۇ، ئەيتاۋۇر، ئۆيىمىز دەرھال ئىسسىپ كەتكەندەك بىلىنگەنىدى ماڭا.

دادام «قورقما بالام، مەن بار، داداڭ تېخى تىرىك»، دەپ قوياتتى. مەن ھەقىقەتەنمۇ قورقماتتىم، دادام نېمىلا تۈگىسە ئېتىغا ياكى ئېشىكىگە سۆرىتىپ يېتىپ كېلەتتى. ئۆزىمۇ تېخى قاۋۇل ئىدىغۇ.

سېنىڭ ياخشى كۆرىدىغان قىزىڭ ساھىدەمنىڭ يېشى توققۇز تارىمىدىن تۆكۈلۈپ، خېلىغىچە سۆزلىيەلمەي قالدى، دادا.

سەن تۈگەتمەي كەتكەن مۇھىم ئىشىڭ قالدى، دادا بىزنى «ئاتا-ئانىنى ئېگىز كۆتىرىپ، ماكانىغا يەتكۈزۈش ھەر بىر پەرزەنتنىڭ پەرزى ۋە قەرزى»، دەپ تەربىيىلىگەن ئىدىڭ، بىزغۇ پەرزىمىزنى ئورۇنلاپ، سېنى باقى جايىڭغا ئېگىز كۆتىرىپ ئۇزاتتۇق. ھە، ئۆزەڭ بولساڭ، يالغۇز ئاناڭنى تاشلاپ، ئۇ ئالەمگە يۈرۈپ كەتتىڭ، ئاناڭ بېشىڭدا ئولتۇرۇپ:

— ۋاپاسىز، بىرەھىم، بالام، قېرى ئاناڭنى ئايىماي تاشلاپ كەتكىنىڭنى قارا، مەن ساڭا بالا بولدۇم، سەن ماڭا ئاتا بولدۇڭ، قۇلۇنۇم، سەن مېنىڭ بېشىمدا ئولتارساڭ بولمايتىمۇ، بۇ نېمە كۈن ئىدى ماڭا، — دەپ بوزلاپ قالدى. جاھاننىڭ بۇ خىل تەڭسىزلىكى جېنىمغا پاتتى، دادا.

مېنىڭ ئۈچۈن تېپىشماق بولغان بىر پەيت قالدى، دادا. ئەلۋەتتە، ئۇ پەقەت مەن ئۈچۈن تېپىشماق. ساڭا چوقۇم بەلگۈلۈك ھادىسىدۇر، بەلكى، مەن سېنى يوقلاپ كەتكىنىمگە تېخى بىرلا كۈن بولىۋىدى، ئاپام بىزنى، «قايتىپ كېلىڭلار، داداڭلار ئاغرىۋاتىدۇ»، دەپ چاقىرتىۋالدى. مۇنداق پەيتلەردە يولنىڭ يىراقلىقىنىڭ جېنىڭغا پاتىدىغىنىچۇ! مەن يېتىپ بارغىچە «قاچان يېتىپ كېلىدۇ»، دەپ بىر نەچچە قېتىم سورىغان بولساڭمۇ، «نېمانچە ئۇزاق ماڭىدۇ» دەپ ھەممىڭنىڭ ئارامنى قويمىغان بولساڭمۇ مېنى كۆرگەندىن كېيىن نېمىشقىدۇ مەن تەرەپكە ھېچ قارىمىدىڭ. ئالدىنقى كۈنىلا ئۆزەم بەرگەن قايماقتىن بىر قوشۇقنى «سېنىڭ قولۇڭدىن ئاخىرقى قېتىم دەم تارتىۋالاي دېدىم»،

دەپ قەلب تارلىرىمنى ئەيۋەشكە كەلمەس قىلىپ ئۈزۈپ تاشلىغان ئىدىڭ. ھە، بىر كۈندىن كېيىنلا مېنىڭ چىرايىمغا باقماس بولۇپ قاپسەن. شۇنىڭدىن كېيىن پەقەت ئۈچ كۈنلا ياتتىڭ. ئەمما مەن تەرەپكە قارىمىغان پېتىڭچە كەتتىڭ. سەن نېمە ئۈيدا ماڭا نامەلۇم، ئامما بۇ ئەھۋال مېنى تېرە-پېرەڭ قىلىپ، يۈرىكىمنى پىچاق بىلەن تىلىۋەتكەندەك يارا قىلدى، دادا قولۇڭنى تۇتۇپقىنا ئولتىرالمىغىنىمغا، ئۆزەمگە بىغىشلانغان بىرەر ئىغىز سۆزۈڭنى ئاڭلىيالمىغىنىمغا ئىچلىرىم تال-تال تىلىندى. ئادەتتە، مەن كېلىۋاتقان پەيتتە، يىرىم كۈن ئىلگىرى دەرۋازىنى ئېچىۋېتىدىغان دادامنى ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى يوقتىپ قويغىنىمغا چىدىماي قالدىم، دادا.

ئەمدى، دادا، سېنىڭ ئالدىڭدا ئورۇندىمىغان يالغۇز ۋەزىپەم قالدى. ئۇ سېنىڭ ھاياتىڭنىڭ ئاخىرقى سائەتلىرىدە يۈز بېرىپ ئۆلگۈرگەن ۋەقە. ئەشۇ بىر دەھشەتلىك ئەھۋالدىن پەقەت يىرىم سائەتچە ئىلگىرى سەن ھەممىمىزگە تەكشى قاراپ، ئاندىن ئالدىراش:

— ماڭا رازىلىقىڭلارنى بەرمىسەڭلار بولمىدى، ناھايىتى قىينىلىپ كېتىپ بارىمەن، - دېدىڭ، (ئاھ، تەقدىرىم! مۇشۇ خىل سۆزلەرنى ئاڭلاش جەريانىنى چىدامliq بەندىلىرىڭگە سالغان ئىكەنسەن. مېنىمۇ شۇ كۈنگە يەتكۈزدۈڭ، نە قىلاي) ھەممە جىم، لېكىن مەن دەرھال :

— ياق، ياق، ياق، ئاغرىقىڭ كۈچىدىن شۇنداق دەۋاتىدۇ،— دەپ يىقىنمۇ كەلتۈرمىگەن ئىدىم. بۇ مېنىڭ سېنى ئۇ قاراڭغۇ ئالەمگە قىيمىغانلىغىمدىن ئىدىغۇ، دادا. ھەممىلا گېپى جاي-جايىدا سۆزلەۋاتقان ئادەمنىڭ كۆزىگە قاراپ: «رازى بول، دادا»، — دەپ ئىختىيارىي خوشلىشىپ، ئۈزىتىپ قويۇش مۇمكىنمىدى. شۇ پەيتتىكى ئېيتىلماي قالغان سۆزلىرىمنى سېنى ئۆز قوينىغا ئالغان ئانا يەر ئارقىلىق يوللايمەن، قوبۇل قىل قاياشىم مېنىڭ.

— قىممەتلىكىم دادا، مەن ساڭا كۆڭلۈڭدىكىدەك پەرزەنت بولالىدىممۇ، بىلمەيمەن. ئامما، ئاللاھ گۇۋا، يۈرىكىم بىلەن تىرىشتىم. مۇبادا پۈتكۈل ھاياتىمدا بىرەر قېتىم بىلىپ-بىلمەي رەنجىتكەن بولسام، ياكى تىلىڭنى ئالماي قالغان بولسام باش ئېگىپ كەچۈرۈم سورايمەن.

پەقەت مەندىن رازى بول، دادا. مەن سەندىن ئىككى دۇنيا رازىمەن، سەن ماڭا ئەڭ ئالىي - ئاتىدىن بولدۇڭ، ئۇلۇغۇم، دادا.

قەدىرلىكىم، تەغدىرىنىڭ يازمىشىنىڭ خىلمۇ-خىللىغىغا، ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىنىڭ ئۇلۇغلىغىغا قول قويدۇم. كۆنمەسكە مەن بەندىنىڭ چارىسى بارمىدى؟! ساڭا، غەمگۈزارىم، ئۆزۈڭ ئالدىرىغان باقى دۇنيادا ھاۋاسى بولۇق، يېرى يۇمشاق، تاغدەك ئېگىز ماكان تىلەيمەن.

مانا، ئەزىز خەلقىم، ئەمدى مېنىڭ ھاياتىمدا ناھايىتى كۆيۈمچان، ھەر سۆزىنى ئۆتكۈر ۋە ئەقىل بىلەن ئېيتىدىغان، ناخشا-سازلارنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدىغان ۋە ئۆزى ئۇلارنى چىرايلىق ئاھاڭ بىلەن ئورۇندايدىغان، چاقچاقنىمۇ ئاجايىپ ئۇستىلىق بىلەن ئىشلىتىدىغان دادام يوق. ئۇنىڭ توغرىلىق خاتىرلىرىمنىڭ كىچىككىنە بىر قىسمىنى سىر قىلىپ تۆكتۈم. كۆرۈپ تۇرۇپسەنكى، مېنىڭ كۆڭلۈم بەك مىسكىن بۈگۈن.

چۈنكى مەن ئاتامدىن ئايرىلدىم، خەلقىم.

ئاتا-ئاناڭنى بېشىڭدا كۆتۈر،
باللىرىڭنى قولۇڭدا.

ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى



# ئۇيغۇر جەمئىيتىدىكى «نوچى» ۋە «پوچى»

توختى مۇزارت

**ئىلاۋە:**

*دوكتور توختى موزارت ئەپەندىنىڭ «ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر جەمئىيىتى»، ئۇنىڭ نەچچە يىللىق يۇرت ئىچى ۋە سىرتىدىكى قىممەتلىك ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ ۋە ئۆزى بىۋاستە ئۇيغۇرلار ئارىسىغا چۆكۈپ، ماتېرىياللار توپلاپ، ئىزدىنىشىنىڭ مەسئۇلى. توختى موزارت ئۆز ئەسىرىدە ئوتتۇرا ئاسىيا بولۇپمۇ ئۇيغۇر جەمىيىتىنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى سىياسى، ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى، ئىسلام دىنىنىڭ ئۇيغۇر جەمئىيتىدىكى تارقىلىشى، تەرەققىياتى ۋە ئۆزگىرىشلىرىنى، خوجىلار، مەزھەپلەر، سۇلۇك ۋە ئېقىملار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر ئۈستىدە ئىزدىنىپ، شۇ تېمىنى چۆرىدىگەن ئىجتىمائىي ھادىسىسى ئۈستىدىكى تەتقىقاتىنى بىزگە سۇنۇش ئارقىلىق، ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى دىنىي، سىياسى ۋە ئىجتىمائىي جەمئىيەت ئەھۋالىدىكى بوشلۇقنى تولدۇرغان.*

*بىز تۆۋەندە كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا كۆپ ئۇچرىتىدىغان «نوچى» بىلەن «پوچى» نىڭ ئۇيغۇر جەمىيتىدىكى مەۋقەسى ۋە رولىنى كۆزدە تۇتۇپ ئۇشبۇ ئەسەرنىڭ 6 ـ بابى 4 ـ بۆلىكىدىكى ئۇيغۇر جەمئىيتىدىكى «نوچى» بىلەن «پوچى» نى دىققىتىڭلارغا سۇندۇق.*

## *Özet:*

*'Orta Çağ Uygur Toplumu" yıllar boyunca Dr. Tohti Mozart'in Uygur toplumu üzerine yaptığı araştırmanın sonucudur. Orta Çağ Uygur toplumunda yeni devletler ve kültürler ortaya çıkmıştır. Bunlar hakimiyet için yarışan mezhepler ve vahşi krallıklar haline gelmiştir. Şeyihlerin altında mistik bir kültür gelişmiş, etnik bilginler ve şairler sofistike edebiyat üretmiştir. Dr. Tohti, okurları Orta Çağ Uygur toplumundaki yenilikler ve karmaşalar, süreklilik ve süreksizlik hakkında bilgilendirmiştir. Yabancılarla karışmış insanlarla dolu Orta çağ'ı, uğraşılan yeni fikirleri, düzeltilmeye çalışılan güçlerin farklı toplumlarla yaptığı kültür alışverişindeki Ortaçağ'ı aydınlatmıştır. Biz Orta Çağ Uygur toplumunda, en tanıdık, hala toplumumuzda en yaygın olan Nochi (Kahraman) ve Pochi (palavracı) kavramları içeren bölümünü tercüme ettik.*

---

* ئاپتورنىڭ *«ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر جەمئىيىتى»* ناملىق ئەسىرىنىڭ 6 ـ باب 4 ـ بۆلىكىدىن تەرجىمە قىلىندى.

## *Absract:*

*Abtract Uyghur Society in the middle Ages is the result of Dr Tohti Mozart's research on Uyghur Society for years. During the middle Ages in Uyghur society, new states and cultures began to emerge, developing into sects and predatory kingdoms that competed for powers. A mystic culture flourished under the Hoja, producing epic scholars and poets such and sophisticated literature. Dr Tohti gave readers apex information of the era of innovation and turmoil, continuities and discontinuities, he enlightened the Middle Ages which was full of people encountering the unfamiliar, dealing with new ideas, restate power, and co-operating with different societies. We have translated fourth section in chapter 6 of the book, which contain most familiar concepts; still they are dominant impression in our society; Nochi (Hero) and Pochi (braggart).*


ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سۇفىزىم ئېقىمىنىڭ مەھسۇلى_ نەقشبەندىيە پىرقىسى تارقىلىپ كىرگەندىن باشلاپ،ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە يېڭى بىر تارماق ـ ئىشان مەزھىپى شەكىللەندى.ئەڭ ئاخىرىدا يەنە «ئىشقىيە» ۋە «ئىسھاقىيە»نى بارلىققا كەلتۈردى. (يەنى قارا تاغلىقلار بىلەن ئاق تاغلىقلار).[37]

دەل بۇمەزھەپلەرنىڭ داھىيلىرى ھوقۇق ـ مەنپەئەت تالىشىش بىلەن بوپ كەتكەن پەيتتە، ھەتتا قېرىنداشلار ئۆز ـ ئارا قىرغىنچىلىق قىلىشىۋاتقان پەيتتە، خەلق ئارىسىدا يەنى ئاۋام خەلق ۋە جەمئىيەتنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلىمىدىن بىر قىسىم قەھرىمان باھادىرلار، دەرۋىشلەر ۋە قاراقچىلار بارلىققا كەلدى. ئۇلار بەزىدە «ئادەم ئۆلتۈرۈپ ئوت قويۇش، مال ـ دۇنيا بۇلاش» ئارقىلىق، ھۆكۈمرانلارنى، يۇقىرى قاتلام ئاق سۆڭەكلەرنى، بايلارنى دات دېگۈزۈۋېتەتتى. ئۇلار «نوچى» ياكى «پوچى» دەپ ئاتىلاتتى.

### 1. «نوچى» ۋە «پوچى»

(1) «نوچى»: ئۇيغۇر تىلىدا نوچىنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇپ، ئەسلى مەنىسى «ئەزىمەت»، «باھادىر»، «قەھرىمان»، «ئەركەك» ئىدى.
(2) «پوچى» ئۇيغۇر تىلىدا «پوچى»نىڭ ئاھاڭ تەجىمىسى بولۇپ، ئەسلى مەنىسى «پو ئاتقۇچى»، «گەپلام قىلىپ قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان»، «دەرۋىش» ئىدى. ئۇلارنىڭ پەيدا بولۇشىنىڭ سۇفىزىم تەرىقىتى ۋە تارماق مەزھەپلىرىنىڭ ئۇيغۇر رايونىدا تارقىلىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئوتتۇرا ئەسىر ئىسلام جەمئىيىتىدە پەيدا بولغان ئەييار پەھلىۋان يەنى جانباز ۋە دەرۋىش گورۇھى بىلەن تېخىمۇ مەنبەداش ئىدى.

ئوتتۇرا ئەسىردە ئىسلام جەمئىيىتىدىكى بۇ «باھادىر» لار ئەڭ دەسلەپتە 9 ـ ئەسىردىكى ئاbbاسىيلار سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقىدىكى باغدات ۋە خۇراسان رايونلىرىدا پەيدا بولغان[38]. «باھادىر» ئەرەپچە «ئەييار» (كۆپلۈك شەكلى «ئەييارەن»)؛ ئەسلى مەنىسى «جاھانكەزدى[»، «ئىستىبداتلىق كىشى»، «قاراقچى»، «لۈكچەك» دېگەندەك. ئۇندىن باشقا يەنە «شۇتتار (مەنىسى تەدان، ناكەس، پوچى)»، «ئاھداس» (ياش كىشى) ،لۇت (تەۋراتتىكى كىشى ئىسمى) قاتارلىقلار. پارس تىلىدا «جاۋان ـ مەردان» (مەنىسى باتۇر)، «پەھلاۋان» (چېچەن،باتۇر،كېلىشكەن) دېگەندەك. تارىختا تۇنجى ئىسلام «باھادىر» نىڭ ئىسمى «ئەبۇھۇريان» بولۇپ، پېرسىيەنىڭ خۇراسان رايونىدىكى كاتتا باھادىردۇر. ئۇ 807 ـ يىلى پەيدا بولغان. ئورتا ئەسىردىكى ئىسلام جەمئىيىتى بولۇپمۇ ئىراق، ئىران ۋە ئورتا ئاسىيا رايونىدا پەيدا بولغان «باھادىر» ۋە «دەرۋىش» گورۇھىنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى جەمئىيەتكە كۆرسەتكەن تەسىرى كۈچلۈك بولغانىدى. ئۇنداقتا بۇ خىل «باھادىر باتۇر» لۇق بىلەن «مۇتىھەم كۆككۆز» لۈك ئەپتى ۋە ئورنى ئۆزئارا ئالمىشىپ تۇرغان، يەنى فېئودال ھۆكۈمرانلار، ئاقسۆڭەكلەرنىڭ نەزىرىدە ئۇلار بىر ئوچۇم «مۇتىھەم كۆككۆزلەر» ئىدى، ئەمگەكچى خەلقنىڭ نەزىرىدە بولسا «بايىنى بۇلاپ، كەمبەغەللەرنى يۆلەيدىغان» «پىدائىي باھادىرلار ۋە تەنھا قەھرىمانلار» ئىدى.

ئوتتۇرا ئەسىردە ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە تارقىلىپ كىرگەن «نوچى» ۋە «پوچى» دەل «ئەيياران» نىڭ ئۇيغۇرچە ۋارىيانتىدۇر.گەرچە ئۇلاردا ھوقۇق بولمىسىمۇ، ياكى

www.uyghurkitap.com

ئىسلىزادە جەمەت كۆچلىرىگە ئىگە ئەمەس بولسىمۇ، ھەممىسى ئاددىي ئاۋام، يېتىم باللار، سەرگەردانلار ئارىسىدىن يېتىشىپ چىققان «پالۋان باھادىر»لاردۇر، ئۇلارنىڭ «خەلق ئۈچۈن ئەسكىلەرنى يوقىتىش»، «ئۆزىنى پىدا قىلىپ، باشقىلارنى قۇتقۇزۇش »، «كەمبەغەللەرگە ياردەم قىلىش» تەك «پالۋان»لىق خىسلەتلىرى ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا ئەۋلاتتىن-ئەۋلاتقا تارقىلىپ، «قەھرىمانلىق قىسسىسىغا» ئايلانغان. مەسىلەن، ئىلى دىيارىدا كەڭ تارقالغان «چىن تۆمۈر باتۇر»، قەشقەر رايونىدا تارقالغان «سىيىت نوچى» قاتارلىقلار. بۇ ئەپسانىۋي شەخسلەرنىڭ پەيدا بولۇشى، دەل ئالدىدا قەيت قىلغىنىمدەك، سۇفىزىمنىڭ تەسەۋۋۇپ تەرىقىتى ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە تارقىلىپ كىرگەندىن كېيىن يەنە نۇرغۇن سۇلۇك-پىرقىلەرگە بۆلۈنىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. بۇ يەنە «باھادىرلار ۋە دەرۋىش» لەرنىڭ تەسىرىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئاساسى شەرتلەرنى ھازىرلاپ بەرگەن.

ئوتتۇرا ئاسىيا،قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ ئاڭ ئاۋات تۈگۈنلىرىدىن بىرى بولۇپ، ياۋرۇ-ئاسىيا مەدەنىيىتىنىڭ ئالماشتۇرۇلىشىدىكى بىكىتى، يىغىلىش تۈگۈنىدۇر. 14 -ئەسىردە سۇفىزىمنىڭ تەسەۋۋۇپ تەرىقىتى ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم قىسمى بولۇپ، بۇ رايوندا تېزدىن ئەۋج ئالغان. بۇ خىل تارىخىي شارائىتتا نەقشبەندىيە سۇلۇكى 14 -ئەسىردە ئوتتا ئاسىيادا بارلىققا كەلگەن. بۇ سۇلۇكنىڭ بەرپاچىسى باھاۋۇددىن نەقشبەندى (1317 - 1389). ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمى مۇھەممەد بىن باھائۇلددىن ئەلبۇخارىدۇر. نەقشبەند نىڭ مەنىسى «نەقش»، «نەققاش» تۇر، ئېيتىلىشىچە، ئۇ دۇئا قىلغاندا كۆكسى ئالدىدا قول ئىشارتى بىلەن رەسىم سىزغانلىق مەنىسىدە بولۇپ، بۇ نامدا ئاتالغان، يەنە بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە ئۇ مەسجىدنىڭ تۈۋرۈك-ئايۋانلىرىنى قۇرئان ئايەتلىرىنىڭ ھۆسىنخەتلىرى بىلەن بېزىگەنلىكى ئۈچۈن؛ يەنە ئۇنىڭ لەقىمىنىڭ مەناسىنى «كامالەتتە تەڭداشسىز ئىلمۇ كەلامنى نەقش قىلغۇچى» دەپ چۈشەنگەنلەرمۇ، ھەتتا تېخىمۇ سىرلىق ھالدا «كامالەتكە يەتكەن قەلبىنىڭ مۇكەممەل شەكلىدۇر» دەپ چۈشەنگەنلەرمۇ بولغان.

رىۋايەت قىلىنىشىچە،باھاۋۇدۇن بۇخارى ھىجرىيە 717 -يىلى (1317 -يىلى)تۇغۇلۇپ، ھىجىرىيە791 -يىلى (1389 -يىلى) ۋاپات بولغان. ئۇ ئۆز يۇرتى بۇخارانىڭ يېنىدىكى يېزىدا 18 ياشقا كىرگەندە بۇخارا بىلەن رامتان ئارىسىدىكى ساماس يېزىسىغا ئەۋەتىلىپ، مەشھۇر سۇفى بابا ساماسىدىن سۇفىزىم تەرىقىتىنى ئۆگەنگەن. ئۇستازىنىڭ ئىستىقامەت ئۇسۇلى بويىچە يۇقىرى ئاۋازدا زىكىر قىلىش كېرەك ئىدى. (زىكىر ئەرەپچە، مەنىسى «ئەسلىمەك» بولۇپ، ئاللاھنى مەدھىيلەيدىغان، ياد ئېتىدىغان دىنىي مۇراسىمدۇر.) بىراق باھاۋۇدۇن نەقشبەندى تۈۋەن ئاۋازدا ئوقۇشنى ئىختىيار قىلدى. بۇ خىل ئوقۇش ئۇسۇلى جەھەتتىكى ئوخشىماسلىق ئۇستاز-شاگىرت مۇناسىۋىتىنى بۇزدى. دېيىشىچە،ئاخىرى بابا ساماس ئۇستاز باھاۋۇدۇننىڭ مەخپىي ئوقۇش ئۇسۇلىنى ئېتىراپ قىلدى ھەمدە ئۆلۈشتىن بۇرۇن ئۇنى ئوزىگە ئىز باسارخەلىپە قىلىپ تەيىنلىدى.

باھاۋۇدۇن بۇخارا قاتارلىق جايلاردا يىللارچە سەييارە ئوقۇپ، تەسەۋۋۇفنى تەتقىق قىلىپ، ئىنتايىن چوڭقۇر مەلۇماتقا ئىگە بولدى. ئۇ «پانى ئالەم زاھىررىيدۇر، ئاللاھ بولسا باتىنىيدۇر» دەپ قارايتتى. تەلىماتى ئىنتايىن كۆچلۈك دىئالىكتىك پۇراققا ئىگە ئىدى. ئۇ ۋە ئۇنىڭ مۇرتلىرى بۇ دۇنياغا ئەھمىيەت بەردى، تەركىدۇنياچىلىققا ۋە زاھىدلىققا قارشى تۇرۇپ، رىئال تۇرمۇشتىن بەھرىمەن بولۇشنى تەشەببۇس قىلدى، ئەمگەك قىلىشنى ۋە ھۈنەر ئىگىلەشنى تەرغىپ قىلدى. تەسىرىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، كىشىلەر بىر يەرگە يىغىلىپ، سۆكۈتتە دۇئا قىلىشىپ، ئىبادەت قىلىپ، قەلبىنى پاكلايتتى ھەم ناماز، ئىستىقامەتنىڭ تاشقى شەكلىگە ئەھمىيەت بەرمەيتتى بەلكى تۆۋەن مۇقامدا زىكىر ئېيتاتتى، مۆتىدىل تەسەۋۋۇفقا تەۋە ئىدى.

15 -ئەسىردە نەقشبەندىيە سۇلۇكى ئوزلىرىنىڭ 3 -پىرى خوجا ئەھرار دەۋرىنى كۆتىۋالدى. بۇ ۋاقىت شەرقى چاغاتاي خانلىقى خىزىر خوجاخاننىڭ نەۋرىسى ئۇۋەيسخان خانلىق تەخت تالىشىشتىن قېچىپ چىقىپ، بۇخارا ئەتراپىدا سەرگەردان بولغان چاغلاردا بۇ سۇلۇك بىلەن ئۇچراشتى.ئۇۋەيسخاننىڭ چوڭ ئوغلى يۇنۇسخان زامانى دەل خوجا ئەھرارنىڭ ئەڭ گۈللەنگەن دەۋرىدۇر. يۇنۇسخان «قېرىغان ۋاقتىدا، كۆنسېرى ئۆتكەن ئىشلارغا پۇشايمان قىلىپ، ئاللاھقا ئىخلاس بىلەن تېۋىندى. «ئەھرار»نىڭ ئەڭ بۈيۈك شاگىرتى بوپ قالدى[39].

نەتىجىدە خوجا ئەھرارنىڭ داڭلىق شاگىرتى داموللا مەۋلانا مۇھەممەد غازى مەھمۇدخاننىڭ مەنىۋي ئۇستازىغا ئايلاندى.

ئەھرار بۇ داڭلىق دىنىي ئۇستاز ھىجرىيە 895 -يىلى (1490 -يىلى) ئالەمدىن ئۆتتى. ئىزباسارى مەۋلانا مۇھەممەد غازىمۇ ھىجرىيە 921 -يىلى (1515 -يىلى) ۋاپات بولدى. شۇنداق قىلىپ، نەقشبەندىيە سۇلۇكىنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقى تەدرىجى ھالدا مەخدۇم ئەزەمنىڭ زىممىسىگە چۈشۈپ، 5 -نۆۋەتلىك پىرى بولدى. ئۇنىڭ سوفىزىم تەسەۋۋۇفنىڭ ئىلمى سەۋەبىدىن، ئوتتا ئاسىيادىكى سۇفىلار ئارىسىدا كاتتا يۇقىرى ئابرويغا ئىگە ئىدى، كېيىنكىلەر تەرىپىدىن «دىنىنىڭ نۇرى ۋە تۈۋرۈكى» دەپ تەرىپلەندى[40]. ئۇ سۈننى مەزھەپ بولۇش بىلەن، سۇفىلارنىڭ دائىم خانىقادا ياششىنى تەشەببۇس قىلدى، ئۇ يەنە تەنھا زاھىد ئىستىقامەت قىلىشنى رەت قىلدى، نەقشبەندىيە سۇلۇكىنىڭ سۇلۇك قائىدە-تۈزۈملىرىنىمۇ تەڭشىدى،

«تۆۋەن ئاۋازدا زىكرى قىلىش»، «ھەدىيە تاپشۇرۇش»، ئۇلارنىڭ «چۇقان» سېلىپ زىكرى قىلىشىغا ۋە ساما ئۇسۇلى ئوينىشىغا ئىجازەت بەردى، ھەمدە مۇزىكا ھەم سېلىشقا زۆرۈر ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئالدىنقى نوۋەتلىك ئۇستازىغا ئوخشاش ئىنتايىن زور تەسىرگە ئىگە سوفى داھىدۇر. مەخدۇم ئەزەم (مەنىسى «بۈيۈك ھۆكۈمران_) مۇ 1542 ـ 1543 ـ يىلى (ھىجرىيە 949 ـ يىلى) ۋاپات بولدى.

ئۇنىڭ تەربىيىلىگەن نۇرغۇن شاگىرتلىرى ئارىسىدا ئىشان كالان (يەنى ماموت يۈسۈپنىڭ بوۋىسى) «ئىشقىيە» يەنى «ئاق تاغلىقلار» نى بەرپا قىلدى. 7 ـ ئوغلى ئىسھاقبەگ «ئىسھاقىيە» يەنى «قارا تاغلىقلار»نى بەرپا قىلدى. قېرىنداش ئىككەيلەننىڭ سۈلۈك ـ مەسلەكلىرى پىرىنسىپ جەھەتتە چوڭ پەرق قىلمايتتى. ئاق تاغلىقلار ئىبادەتتە قۇرئان ئوقۇغاندا مەخپىي قىرائەت قىلاتتى، بۇ «خۇپتىيە»دەپ ئاتالدى، «قارا تاغلىقلار» بولسا قىرائەتنى يۇقىرى ئاۋازدا قىلاتتى، بۇ «جەھرىييە» دەپ ئاتالدى. ئەمما ئۇلار دائىم يوقىلاڭ ئۇششاق ئىشلار توغرىلىقمۇ تالىشىپ قالاتتى. ئاخىرى بۇ خىل دىنىي تالاش ـ تارتىش تەرەققىي قىلىپ، ھايات ـ ماماتلىق ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى تالىشىش كۆرىشىگە ئايلىنىپ، ئاۋام پۇقرالارنىمۇ ئۆچمەنلىك دېڭىزىغا باشلاپ كىردى. قېرىنداشلارنىڭ ئۆزئارا قىرغىنچىلىقى ۋە تالاش ـ تارتىشى توپتوغرا 300 يىل داۋام قىلدى.

ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە سوفىلارنىڭ تەرىقىتىدە يەنە 4 فىرقە يەنى 4 سۇلۇك (سۇلۇك ئەرەپچە، ئەسلى مەنىسى «ساياھەت») بولۇپ، تەرىقەت مەشغۇلىدىكى تەسەۋۋۇف مۇساپىسىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: ئىناقىيە: ئاساسلىقى تەرىقەتنىڭ خاتىرە كۈنلىرىدە ياكى بەلگىلىك كۈنلەردە ياكى ۋاقىتتا «ئاخشاملىرى مۇرتلار ئىبادەتگاھقا يىغىلىپ (ئادەتتە سوفىنىڭ ئۆيىگە)، ئىشىكنى شەپىسىز تاقاپ، تاكى سەھەرگىچە نەشە ئېتىپ، ناماز ئوقۇپ دۇئا قىلىدۇ».

ئىسھاقىيە: ئاساسلىقى «كۈندۈزى سوفىلار يىغىلىپ، ياكى ھالقا شەكلىدە ئولتۇرۇپ «قۇرئان ئوقۇيدۇ، ئاندىن نەشە ئوقۇيدۇ، ئارقىدىن ساما ئۇسۇلى ئويناپ «ھاي!ھاي! ۋاي!» دەپ يىغلىشىپ ۋارقىرىشىدۇ»، بۇ ئارقىلىق ئۆتكەن ۋەلىيسى ـ ئۇستازلىرىنى دۇئا قىلىپ ئەسلەيدۇ.

داۋانىيە: ئاساسلىقى «ھەرھەپتە (جۈمە كېچىسى يىغىلىپ كاتتا ئەۋلىيا مازارلىرىغا يىغىلىپ، ئىبادەت ۋە دۇئا قىلىدۇ ھەم يىغلىشىپ تاكى تاڭ ئاتقانغا قەدەر داۋام قىلىشىدۇ.»

ئىشقىيە: ئالدى بىلەن تەرىقەتكە كىرگەنلەردىن تۆۋەنامەيېزىشنى، ئۇستازغا شەرتسىز بويسۇنۇشنى جېكىلەيدۇ ھەمدە داۋاملىق ئېتىكافتا ئۇستازلارنى ئەسلەشلا تەرىقەت يولىنىڭ قائىدىسىدۇردەيدۇ.تەرىقەت يولى ياخشى مۇرتلار ئۆسۈپ ئۇستازلارنىڭ ئىزباسارى بولالايدۇ[43]...

## 2. «ئۇۋەيس» تەرىقىتى

ياركەنت خانلىقى قۇرۇلۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، ئەھرارنىڭ نەۋرىسى ۋە خوجا مۇھەممەد يۈسۈپ سەمەرقەندتىن قەشقەرگە كېلىدۇ، سەئىد خان دەرھال خوجىنىڭ تەرىقىتىگە ئۆزىنى بېغىشلاپ، ئۆزىنىڭ پىرى قىلىپ قول بېرىدۇ. سەئىدخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، چوڭ ئوغلى ئابدۇلرەشىد تەختكە ئولتۇردى. كۈچادىكى ئەرشىدىن خوجىنىڭ جەمەت كۈچلىرىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، رەشىدخان مۇھەممەد شەرىفكە تايىنىدۇ.

مۇھەممەد شەرىف ئوتتۇرا ئاسىيا سايراملىق (ھازىرقى قازاقىستان چىمكەنت). ئۇ 7 ياشتا دادىسىدىن ئايرىلغان بولۇپ، ئائىلىسى بەكمۇ كەمبەغەل ئىدى. «مۇھەممەد شەرىفخان تەزكىرىسى»دە خاتىرلىنىشىچە ئۇ «سەئىد ئەۋلادى» بولۇپ،ئۆزىنى ئەلىنىڭ 22 ـ ئەۋلاد نەۋرىسى دەپ ئاتىغان، خوجىلار تەزكىرىسىنىڭ نەسەب شەجەرىسى مۇھەممەد پەيغەمبەرگە تۇتىشىدۇ. ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ «ئۇلۇغلۇق نەسەبى»نى ئىسپاتلاش مۇمكىن ئەمەس، بىراق ئۇنىڭ ئانىسى توقۇمىچى بولۇپ، كەمبەغەل ئائىلە ئىدى، ئۇ يىپچىلىقتىن كىرگەن ئازغىنە كىرىم بىلەن ئۇنى ئوقۇتقىنىنىڭ دەلىللىرى مەۋجۇت. ئۇ بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن سەمەرقەندتىكى يەسەۋى ئېقىمىدىكى ئىلمۇ كالام مەدرىسىدە ئوقۇدى[44].

ئۇ يەردە سوفىيزىمنىڭ ھەر خىل كىتابلىرى ۋە تەرىقەت يوللىرىنى ئۆگەنگەن، تەسەۋۋۇفلارنىڭ ئىستىقامىتى بىلەن مەشغۇل بولغان، ھەم «قېتىرقىنىپ تىرىشىپ» ئۇستازىنىڭ ئىشەنچىگە ئېرىشكەن،ھەمدە مۇرت قوبۇل قىلىش، سوفىزىم تەرىقىتىنى تارقىتىش سالاھىيىتىگە ئىگە شەيخ ئۇستاز بولغان ( ئەرەپچە ئاھاڭ تەرجىمە بولۇپ، مەنىسى «بۇزرۇكۋار»).

مۇھەممەد شەرىف سەمەرقەندتە 30 يىل ئىستىقامەت قىلغاندىن كېيىن، سىرتقا سەپەر قىلغان.ئۇ ئاۋۋال «ئەڭ كارامەتكە ئىگە» مۇقەددەس مازارلاردىن بىرى «خوجا ئەھمەد يەسەۋى»نىڭ قەبرىسىنى، ئاندىن ئۇ قەشقەرنىڭ شەرقىدىكى ئاتۇشقا كېلىپ، ساتۇق بۇغراخان مەقبەرىسىنى زىيارەت قىلىدۇ. بۇ زىيارەت داۋامىدا «بىلمەستىن مازارنىڭ سىرىنى ئېچىۋەتكەنلىكى ئۈچۈن مەككىگە بېرىپ ھەج قىلىپ، گۇناھىنى يۇيغان». ھەجدىن كېيىن ھىندىستان قاتارلىق جايلاردا سەرگەردان بولۇپ ئاخىرى يەكەنگە يېتىپ كەلگەن.

ئۇ ياركەنت ھۇدۇدى ئىچىدە دائىم مازارلار ئارىسىدا

www.uyghurkitap.com

يۈرگەن، كىينىشلىرى غەلىتە، سوز-ھەركەتلىرى سىرلىق بولغاچ، نامى بارا-بارا تارقىلىشقا باشلىغان. كېيىن ئۇ رەشىدخان بىلەن تونۇشقان، ھەم خاننىڭ ئالدىدا كارامەت كۆرسىتىش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ ئاللاھقا ئەڭ يېقىنلىشالىغان كىشى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىگەن، شۇڭلاشقا رەشىدخاننىڭ مەرھەمىتىگە ئېرىشكەن ھەمدە خاننىڭ يېتەكچى ئۇستازىغا ئايلانغان. ئۇ يەكەندە ئون نەچچە يىل تۇرغان.ئاردا ئىككىنچى قېتىم ئاتۇشقا بېرىپ ساتۇق بۇغراخان مازىرىنى تاۋاپ قىلغان ھەم ئۇ يەردە يەتتە يىل زاھىد بولغان[45].



تەسۋىري سۈرەت: ئەپيۇنخانىدىكى سىياسىيونلار*

مۇھەممەد شەرىف گەرچە ئاساسلىقى يەكەن رايۇنىدا دىن تەبلىغ قىلغان بولسىمۇ، بىراق قەشقەر، يېڭىسار، ئاقسۇ، كۇچا، تۇرپان ۋە خوتەن قاتارلىق رايۇنلاردا ئازبولمىغان ئەگەشكۈچىلىرى، مۇرتلىرى ھەر يىلى ئالدىغا كېلىپ تەبلىغ-خۇدبىلىرىنى ئاڭلىغان. ئۇ سۇفىزم تەرىقىتىنى تارقىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەكەن دۆلىتىدە ئۆزىنىڭ پىرقىسى-ئۇۋەيسىنى بەرپا قىلغان. ئەسلى مەناسى «ھەيۋەت» ياكى «تەھدىد كۈچىگە ئىگە كىشى». «ئۇۋەيسىخان تەزكىرىسى» دە خاتىرلىنىشىچە خان ۋە خوجا بۇخىل قۇدرەتكە ئىگە ئادەملەرگە تەۋەمىش. بۇ پىرقە تارىم ئويمانلىقىدىكى ھەر بوستانلىقلاردىكى مۇرتلار ئاساسىدا شەكىللەنگەن ئۇيغۇر سۇفىي كوللېكتىۋى ئىدى. پىرى ياكى ئۇستازى «شەيخ» دەپ ئاتىلاتتى، قول ئاستىدا «خەلىپە» (پىرنىڭ ۋاكالەتچىسى)، پىرىنىڭ شاگىرتى «سۇفى»، ئادەتتىكى مۇرتلىرى «مۇرت» (ئەگەشكۈچى)لار بار ئىدى. بۇ پىرقىنىڭ ئىچىدە ئىنتايىن قاتتىق تەشكىلگە ئىگە ئىدى. بۇ سۇلۇك ئوتتۇرا ئاسىيا، كىچىك ئاسىيادىكى يەسەۋىچىلەرنىڭ سۇفىزىم تەشەببۇسلىرى ۋە ئىبادەت شەكىللىرىنى ساقلاپ قېلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ بەزى قەدىمىي ئۆرپ-ئادەتلىرى ۋە شامان دىنىنىڭ ئۇدۇملىرىنى قوبۇل قىلىپ، يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ خەلق ئارىسىدىكى ئورپ-ئادەتلىرى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ خەلق ئارىسىدىكى تەسەۋۋۇفنى شەكىللەندۈرگەنىدى.

مۇھەممەد شېرىف تەخمىنەن ھىجرىيە973 -يىلى (1566-1566)-يىلى ۋاپات بولغان، دېيىلىشىچە 95 ياشتا ئىكەن. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن چوڭ شاگىرتى مۇھەممەد ۋەلى سوفى شەيخلىقنى داۋاملاشتۇرغان. كېيىن ئۇمۇ ئابدۇلكەرىمخاننىڭ مەنىۋى ئۇستازى بولغان. ئامما «ئۇۋەيىس»نىڭ ئۇيغۇر رايۇنىداتاكى ھازىرغا قەدەرمۇرتلىرى ھەم تەسىرى بار.مۇئەللىپ تېخى بالا ۋاختىدا يۇرتىدا 3 سوفىنى كۆرگەن. ئۇلار داۋۇت سوفى، ئىبراھىم سوفى، موللا نىياز سوفىلاردۇر. ئۇلار تا 20 -ئەسىرنىڭ 90-80 يىللىرىغىچە ياشىغان.

## 3.سىرلىق سوفىنىڭ تېشىدىكى نوچى ۋە پوچى

باشتا دەپ ئۆتكىنىمدەك سۇفىنىڭ ئەسلى مەنىسى «ئىستىقامەت، نەپسىنى يىغماق، ئىخلاس بىلەن ئاللاھنى ياد ئەتمەك» تۇر. بىراق نەقشىبەندىيە تەرىقىتىنىڭ سوفىلىرى يەكەن خانلىقىغا كىرگەندىن كېيىن، مەنسەبدار-بايلار بىلەن ئاپاق-چاپاق بولۇپ، دىنىي ھوقۇق ۋە دۇنيائىشلىرى ھوقۇقىنى تالىشىپ يۇقىرى ئورۇن ۋە ئىمتىيازغا ئېرىشكەن. مەسىلەن:«ئاق تاغلىق، قارا تاغلىق» سوفىلار پىرى. شۇڭلاشقا سۇفىزمنىڭ «تەۋبە، سەبىر، شۇكۇر، قانائەت، سۈكۈت، مۇتلەق ئاللاھقا بويسۇنۇش» قاتارلىق دىنىي ئەھكاملارنىڭ ھەقىقىي مەنىسىگە خىلاپلىق قىلىشقان ياكى يىراقلاپ كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن يەنە سۇفىلارنىڭ تېشىدا ئىسلامنىڭ «باھادىرلىرى ۋە دەرۋىش»

---

* قىستۇرما رەسسىم: ۋاسىلى ۋېرىشچايىن :نېشەخانىدىكى سىيسئونلار، تاشكەنت، 1870 -يىللار.
ماقالىنىڭ ئەسلى نۇسخىسىدا بۇندىق بىر رەسسىم ئىشلىتىلمىگەن بولۇپ، تەرجىمە قىلغۇچىلارنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن قىستۇرۇلدى.
( Politicians in opium shop. Tashkent (1870) - Vasily Vereshchagin )

كۈچلىرى پەيدا بولغان يەنى «نوچى ۋە پوچىلار».
ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە پەيدا بولغان نوچى ۋە پوچىلار بولسا تەسەۋۋۇفچى سوفىلاردىن ئايرىلىپ چىققان تېخىمۇ «سىرلىق» كىشىلەر ئىدى.

مەن بالا ۋاقتىمدا، باشلانغۇچ مەكتەپكە بارغۇچە ئۆز كۆزۈم بىلەن مۇنداق مەنزىرىنى كۆرگەنتىم: بىزنىڭ يۇرتتىكى بىر يېزىدا بىر «نوچى» بولۇپ، 7 ـ ئايدىكى پىژغىرىم ئىسسىقتا بېشىغا تۇماق، ئۈستىگە قوي تېرە جۇۋا، پۇتىغا پىيما كىيىپ يېزىنىڭ توپا يوللىرىدا يۈرەتتى. 12 ـ ئايدىكى قەھرىتان سوغۇقتا بولسا ئۈچىسىغا پەقەت بىر تال كالتە يەكتەك ماتا كۆڭلەك، ئاستىغا ئاق رەڭلىك كەندىر تامبال كىيىپ قارلىق يوللاردا مېڭىپ يۈرەتتى. مەن ھەيران بولۇپ چوڭلاردىن سورايتتىم: «ئۇلار توڭمامدۇ؟». چوڭلار دەيتى: «ئۇلار نوچى، بۇ ئۇلار كورسەتكەن كارامەتلەر». بۇ ئەھۋال 20 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرغىچە داۋاملاشتى. ئۇ دەۋر ۋە بۇرۇن بۇنداق ئادەملەرنى كورگىلى بولاتتى: «ئۆيىنى تەرك ئەتكەن، تىرىكچىلىكنى تاشلىغان، پاخما باش يالاڭئاياغ، جۇلدۇر كىيىنىپ، قوي تېرىسى ئارتىپ، قولىدا ھاسا، ئۈستىگە ھوشۇق ئېسىۋالغان بولۇپ، كۆپىنچە غەلىتە قىياپەتتە، ئىسسىق ـ سوغۇقتىن قاچمايدۇ، يول بويى تىلەمچىلىك قىلىدۇ. كىشى ئۇچراتسىلا بىچارىلارچە سۆزلەيدۇ. ئەگەر ئۆزىنى قامدىيالمىسا، يا كىشىلەرنىڭ مازارلىرىدايىغىلىپ، ياكى غارلاردا تۇرىدۇ، ئىستىقامەت دەپ ئاتىلىدۇ، دەرۋىش سانىلىدۇ. (بۇ جايدىكى «دەرۋىش» پارسچە مەنىسى ئۆيمۇ ـ ئۆي تىلەش، ئەرەپچە «فەقىر» مەنىسى «كەمبەغەل».) تارىختا بۇ خىل دەرۋىشلەرقەشقەر، يەكەن، خوتەن ۋە كۇچا تەرەپلەردە كۆپ ئۇچرايدۇ.
ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە «موللا»، «ئىمام»، «ئاخۇن» يەنە «شەيخ»، «پىر»، «ئىشان» ھەممىسى سۇفى تەرىقىتىنىڭ «كادىرلىرى»دۇر.
موللا ئەسلى مەنىسى «خوجايىن»، «ھىمايىچى»، ئۇيغۇرلاردا ئىسلام دىنى ئالىملىرىنى كۆرسىتىدۇ. پىر ئەسلى مەنىسى ئۇستازدۇر.
ئىشان: ۋىلىيام بارتولدنىڭ ئىسپاتلىشىچە بۇ سوز ئەسلى پارس تىلىدىكى ئۈچىنچى شەخس كۆپلۈك شەكلى «ئۇلار»[47] بولۇپ، كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركلەر قوبۇل قىلىپ، ھوقۇق كۈچلىرىنىڭ ھورمەت نامى بولۇپ ئۆزگەرگەن. كېيىنچە يەنە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىسلام دىنى كۆچۈرۈپ قوللانغان، دىنىي رەھبەر ياكى دىنىي كەسىپدارلارنىڭ بىر خىل ئۇنۋانى بولغان، «پىر»، «شەيخ»لەر بىلەن ئوخشاش مەنىگە ئىگە. ئۇيغۇرلارئىچىدە ئاۋال مەھمۇد ئەزەمنىڭ چوڭ ئوغلى مامۇت ئىمىن ئىشاننىڭ «ئىشان كالان» («كالان» يەنى «ئەركەك شىر» مەنىسىدە) ئۇنۋانى بار. شۇندىن باشلاپ ئىشان ئىسمى سوفىلار ئىچىدە دائىم ئىشلىتىلىدۇ.
بۇندىن باشقا يەنە «ھىلىگەر كالانلار»، «ئالدامچى شەيخ»، «رىياكار سۇفى» قاتارلىق سەلبىي ناملارمۇ بار. بۇ «رىياكار سۇفى» (تەسەۋۋۇفقا تەۋە) پوچىلارغا تەۋە. ئۇلار ھازىرغىچىلىك خەلق ئارىسىدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. دائىم «كارامەت» كۆرسىتىش (كارامەت يەنە مازارلارنىڭ كارامەت پەيدا قىلىشى)، «مۆجىزە يارىتىش» نامىدا ئېتىقادچىلارنىڭ كېسىلىنى داۋالاش، دېيىشىچە «ھەممە كېسەلنى سەللىمازا ساقايتارمىش، بولاپمۇ ھازىرقى زامانىۋى تېبابەت ساقايتالمىغان جاھىل كېسەللەرگە بۇ «موللا، ئىشانلار» نىڭ بەكمۇ شىپاسى بارمىش دېگەندەك. بۇ ئارقىلىق مۇرتلارنىڭ مال ـ دۇنياسىنى ئالداپ ئېلىۋالىدىكەن. بۇنىڭ دەل قارشىسىدا نوچىلار پۈتۈنلەي باشقا خاراكتېر ۋە خۇيدا مەۋجۇت بولغان بولۇپ، ئۇلار ئەسكىلىككە ئۆچ، مەزلۇملارغا قاراپ تۇرمايدىغان، كەمبەغەل ئاۋام بوزەك بولسا ئۇلار «باھادىر»لىق خىسلىتىنى نامايان قىلىپ، بايلارنى بۇلاپ، كەمبەغەللەرگە ياردەم قىلغان. شۇڭا ئۇلار دائىم ئوخشىمىغان ئىككى يۈز بىلەن كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا كورۈنگەن. ئۇلار گەرچە «سوفى» بولسىمۇ لېكىن ئۇ ئورنى كاتتا، مۇرتلىرى بار، ھوقۇق ـ ئىمتىيازلارغا ئىگە، ئاچكۆز، راھەتپەرەست سۇفى ئىشانلارغا پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان يەنە بىر خىل تەسەۋۋۇفتۇر.
ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كارامەت كۆرسىتىپ (كارامەت يەنى مۆجىزە) ئاجىزلارغا ياردەم قىلالايدىغانلىقىغا ئىشەنگەن. يەنە كېلىپ بۇ ئەينى دەۋردىكى بەزى تارىخىي شارائىتتا، بولۇپمۇ سوغۇق قورال دەۋرىدە ھەقىقەتەن ئۆزلىرىنىڭ باتۇر جاسارىتىنى نامايان قىلغان. شۇڭلاشقا، ئۇلارنىڭ پالۋانلىق روھى خەلق ئارىسىدا ئېغىزمۇ ئېغىز تارقىلىپ، ئەدەبىي شەكىلدە ئەۋلادتىن ئەۋلادقا كۆچۈپ، بىر قەھرىمانلىق داستانىنى ياراتقان.

## 4. ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى نوچى ۋە پوچى قىياپەتلىرى

1981 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى» غا جەمئىي سەككىز داستان كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇلار ئىلى دىيارىدا كەڭرى تارقالغان «چىن ـ تۆمۈر باتۇر»، قەشقەر رايونىدا تارقالغان «سېيىت نوچى»، خوتەن دىياردىدا تارقالغان «ئابدۇراخمان خوجا» قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان[48]. ئۇندىن باشقا يەنە قەھرىمانلىق داستانىدىن «يۈسۈپ ـ ئەخمەت»، «مىن كۈن باتۇر»، «رۇستەمى داستان» قاتارلىقلار[49].

www.uyghurkitap.com

«چىن تۆمۈر باتۇر»دا تۆۋەندىكى ۋەقە بايان قىلىنىدۇ: ئوتتۇرا ئەسىردە ئىلى دىيارىدا بىر خاقان خانىشىنىڭ يالغان ـ ياۋداقلىرىغا ئىشىنىپ، ئۆزىنىڭ مەلىكىسى ئەمدى تۇغقان ئوغلى چىن تۆمۈر باتۇر ۋە مەختۇمسۇلانى كۆلگە تاشلىۋېتىشكە بۇيرۇيدۇ.نەتىجىدە، بىر قوڭغۇر ئېيىق بۇ ئىككى بالىنى بېقىۋالىدۇ. ئوغۇل قوڭغۇر ئېيىقنىڭ بېقىشى بىلەن بالاغەتكە يېتىپ،يولۋاس كۆكرەكلىك، ئېيىق بەللىك، بەقۇۋۋەت كۈچتۈڭگۈر باتۇر بولۇپ چىقىدۇ.ئۇ تاغقا چىقىپ ئوۋ ئوۋلاپ، كەمبەغەللەرگە ياردەم قىلىدۇ، سىڭلىسىنى باقىدۇ. ئاكا ـ سىڭىل ئىككەيلەن بىر ـ بىرگە تايىنىپ ياشايدۇ، سىڭلىسى جامالى ئايدەك، بەكمۇ چىرايلىق چوك بولىدۇ. بىر كۈنى ئاكىسى ئوۋغا چىقىپ كەتكەندە، سىڭلىسىنى يالماۋۇز ئالدايدۇ ھەم سىڭلىسىنىڭ قېنىنى شورايدۇ. ئاكىسى ئوۋدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن سىڭلىسىنى ئىزدەپ يالماۋۇز بىلەن ئېلىشىپ، نەچچە ئۆلۈپ ـ تىرىلىپ، ئوزىنىڭ كۈچلۈك باتۇرلىقى ۋە كۈچلۈك تېنىگە تايىنىپ ئاخىرى يالماۋۇزدىن غالىپ كېلىدۇ... لېكىن سىڭلىسىنى ئىزدەش داۋامىدا ئىككى كۆزى كۆرمەس بولۇپ قالىدۇ.ئاخىردا سىڭلىسى ئاكىسىنىڭ قول ئاستىدىكى پالۋانلارنىڭ ياردىمىدە ئاكىسى بىلەن كۆرۈشىدۇ، بىر ئالمىنى كۆزىگە سۈرتۈش بىلەن ئاكىسىنىڭ كۆزى مۆجىزىلەرچە قايتا ئېچىلىپ، يورۇقلۇقنى كۆرىدۇ...

ئىككىنچى ھېكايە «سېيىت نوچى » داستانىدا بايان قىلىنغىنى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدا قەشقەر تۈمەن دەرياسى بويىدىكى بىر يېزىدا بىر سېيىت ئىسىملىك بالا زەبەردەست باھادىر بىر ئەر بولۇپ چوڭ بولىدۇ. ئۇ يامۇلنى ئوغرىلاپ، بايلارنى بۇلاپ، كەمبەغەللەرگە ياردەم قىلىدۇ. يېزىدا، پۈتكۈل قەشقەردە نامى پۇر كېتىپ، خەلق ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان «باھادىر»، «يالغۇز قەھرىمان»غا ئايلىنىدۇ. شۇندىن ئېتىبارەن «نوچى» نامىنى ئالىدۇ. يامۇلدىكى ئەمەلدارلار بولسا ئۇنى «قاراقچى»، «كۆكەمە» دەپ يامۇلدىكى يايىلارنى تۇتۇشقا ئەۋەتىدۇ.ئۇئادەتتە بىر ئېگىز ئاق ئاتقا مىنىپ، بېلىگە خەنجەر ئېسىپ، دائىم كەمبەغەللەر ئارىسىدا يۈرۈيدۇ، يولدا بوزەك بولغان مەزلۇملارنى كۆرسە، دەرھال ئاتتىن چۈشۈپ ياردەم قىلىدۇ.يامۇلنىڭ خەلقنى بوزەك ئەتكەننى كۆرسە، قولىغا پىچاق ئېلىپ، مۇشت ـ پەشۋالىرى بىلەن خەلقنى بوزەك قىلغان يامۇلنىڭ يايىلىرىنى يەرگە ياتقۇزۇۋېتىپ، بۇلاپ كەلگەن مال ـ دۇنيالارنى كەمبەغەللەرگە بۆلۈپ بېرىدۇ. يامۇل ئۇنى تۇتاي دەپمۇ ئامال قىلالمايدۇ. چۈنكى ئۇ «نوچى»، كۈچى بەك زور، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاللاھ ئۇنى قوغدايدۇ، ئۇنىڭغا پالتا ـ پىچاق ئۆتمەيدۇ. بىر كۈنى ئۇ ئۆزىنىڭ يۇرتىدىن ئايرىلىپ، ئېتىغا مىنىپ سەرسان بولۇپ، قارا شەھەر دەريا بويىغا كەلگەندە ئۇنىڭ يېنىغا نۇرغۇن ئۇنىڭغا ھەۋەس قىلغۇچىلار ۋە شاگىرتلىرى يىغىلىدۇ. ئۇ يول بويى قوبۇل قىلغان سوۋغاتلارنى يەنە باشقا كەمبەغەللەرگە ھەدىيە قىلىپ بېرىۋېتىدۇ.ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇنىڭ نامى قاراشەھەر دىيارىغا پۇر كېتىدۇ. بۇ شەھەردە بىر پوچى بولۇپ، ئادەتتە خەلقنى بوزەك ئېتىدىكەن، دائىم بىرقاۋۇل ئاتقا مىنىۋالىدىكەن، يۈزلىرى گۆشلۈك، قارىماققا كۈچى بەك زور كۆرۈنىدىكەن، ئادەتتە ھېچكىم ئاچچىقىنى كەلتۈرۈشكە پېتىنالمايدىكەن. ئۇ ئۆزىنى نوچى چاغلاپ، قۇرۇق ھەيۋە كورسىتىپ، خەلقنى بوزەك قىلىدىكەن. خەلق ئۇنىڭغا ئارقىسىدىن «پوچى» دېگەن لەقەمنى قويغان ئىكەن. بۇ ۋاقىتتا ئۇ بىر نوچىنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، كوڭلىدە قايىل بولماي، ئۆزىنىڭ ھەيۋىسىنى بىر كۆرسىتىپ قويماقچى بولۇپ بولىدىكەن، شۇنىڭ بىلەن قول ئاستىدىكى بىر توپ چاپارمەنلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، سېيىت نوچىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، جەڭگە چاقىرىدىكەن.سېيىت ئالدىدا يول قويۇپ، ئۇزرە سوراپ، بۇنداق بايۋەتچە بىلەن ئېلىشمايدىغانلىقىنى دەيدىكەن، نەتىجىدە ئۇ پوچى نەزىرىدە بوش، قورقۇنچاق كۆرۈنۈپ قالىدىكەندە ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ بىر مۇشت بىلەن سېيىت نوچىنى يىقىتماقچى چەنلەيدىكەن. ئويلىمىغان يەردىن سېيىت نوچى كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە تۆمۈردەك مۇشتۇمى بىلەن ئۇ پوچىنى لاي ئېرىققا پۇرلاپ تىقىۋېتىدىكەن. ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى كۆككۆز ھارامزادىلەر بۇنى كۆرۈپ بەدەر تىكىۋېتىدىكەن. ئىناۋىتى مەنتاڭ بولغان پوچى، پىتى چۈشۈپ سالپىيىپ سارىيىغا قايتىدىكەن. ئىككىنچى كۈنى پوچىنىڭ دادىسى دوتەي بۇنى ئۇققاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ نان قېپى بالىسى ۋە قول ئاستىدىكى توخۇ پوقلىرىنىڭ سېيىت نوچىنىڭ باتۇرلىقىغا پايلىمايدىغانلىقىنى بىلىپ، تۈكىنىڭ يېتىشىغا سىلاپ، نۇرغۇن سوۋغا ـ سالاملار بىلەن ئۇلارنى ئۆزىنىڭ دائىرىسىدىن چىقىپ كېتىشنى تىلەيدىكەن. سېيىت نوچىمۇ غەرەز بىلگەچكە، يامۇلدىن كەلگەن سوۋغاتلارنى ئەتراپىدىكى كەمبەغەللەرگە بۆلۈپ بېرىپ، يەنە ئۆزى يالغۇز ئاقسۇنىڭ ئۇچتۇرپانغا كېتىدىكەن.

ئۇچتۇرپان دوتيى ماشاۋۇ سېيىت نوچىنىڭ كەلگەنلىكىنى ئۇقۇپ، ئىنتايىن قورقۇپ ھەم ئالاقزادە بولۇپ، دەررۇ مەسلىھەتچىلىرىنى يىغىپ قارشى تەدبىرلەرنى مۇزاكىرە قىلىدىكەن.چۈنكى

بۇ «سوغۇق قورال» دەۋرى بولۇپ، ئۇ نىشىكەش لەشكەرلەر بىلەن بىر نوچىغا قارشى تۇرۇپ يىڭىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىكەن. شۇڭا ئۇ بىر ھىيلە ئويلاپ چىقىپتۇ. دوتەي پەرماندىن بىرنى يېزىپ، ھەمدە سوۋغاتلار بىلەن سىيىت نوچىنىڭ قولىغا يەتكۈزۈپتۇ. ئاساسىي مەزمۇنى مەزكۇر يامۇل سىيىتنىڭ داڭقىنى ئۇزۇندىن ئاڭلىغان، تەلىيىگە بۇگۈن بۇ يەردە نوچىنى قارشى ئېلىش نىيىتى بوپتۇ. ئۇنىڭ تاغدىن چۈشۈپ، يامۇلغا ياردەملىشىپ يەرلىكنىڭ ئامانلىقى ۋە خەلقنىڭ ھاياتى، مال ـ مۈلكىنى قوغداشقا ياردەم قىلىشىنى سورايدۇ. سىيىت نىمىلا دىگەن بىلەن «نوچى»، «باتۇر»دە، مۇشەققەتتىكى خەلققە پايدىلىقلا ئىش بولسا ئۇ خۇشاللىق بىلەن قىلىدۇ. بۇ قېتىممۇ مۇستەسنا ئەمەس، ئۇ ما دوتەينىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىدۇ. ئۇ يەردە «ياخشىنى ياقلاپ، يامانىنىڭ ئەدىپىنى بېرىش، خەلققە ياردەم قىلىش» رولىنى ئۆتەيدۇ. بىر مەھەل ئوغرى ـ قاراقچىلار يوقاپ خەلق كېچىسىمۇ ئىشىك تاقىمايدىغان ھالغا كېلىدۇ. سىيىت نوچى بۇ يەردىكى خەلق ئەمىن بولغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ قىلارغا ئىشى قالمىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، قەشقەرگە قايتماقچى بولىدۇ. بۇ ئوي دەل ما دوتەينىڭ ئويلىغان يېرىگە كېلىدۇ. ئۇ يالغانلاردىن نوچىنىڭ كېتىشىگە قىيمىغان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، ئۇنى قەشقەر دوتيىنىڭ يېنىدا بىر مۇھاپىزەتچى بولۇشىنى ئالاھىدە تەۋسىيە قىلغانلىقىنى سۆزلەيدۇ ھەم بىرمەخپىي مەكتۇب يېزىپ، بۇنى قەشقەر دوتيىگە ئاپىرىپ بېرىشىنى تاپىلاپ يول پۇلى ۋە سوۋغا بېرىدۇ. سىيىت ما دوتەينىڭ مەخپىي خېتىنى ئېلىپ قەشقەرگە قايتىدۇ. يولدا بىر كىشى سىيىتنىڭ خەتنى ئېچىپ ئوقۇپ بېقىشىنى مەسلىھەت قىلىدۇ. بىراق ئۇ دوستلارنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلىپ، ئۇ خەتنى ئۇز ئالدىغا ئېچىپ كۆرمەيدۇ. ئەلۋەتتە ئۇ ساۋاتسىز ئىدى (ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ سۆزى). سىيىت يەنىلام سىيىت ئىدى، بويۇن ئەگمەس «پالۋان» ئىدى، گېپى گەپ «باھادىر» ئىدى. ئۇ ئۆزى قىلغان ۋەدىگە خىلاپلىق قىلمايتتى، سۆز بەرسە چوقۇم ئورۇندايتتى. بۇ دەل ئۇنىڭ خۇيى ۋە ئىناۋىتى ئىدى. نەتىجىدە ئۇ ما دوتەينىڭ مەخپىي خېتىنى قەشقەر يامۇلغا يەتكۈزگەندىن كېيىن، يامۇل ما دوتەينىڭ مەخپىي پەرمانى بىلەن سىيىت نوچىنى تۇتىدۇ ھەم قەشقەر «قۇمۇشبازار»دا نامى يەر يۈزىنى تىترەتكەن نوچى—باتۇر باھادىر يىگىتنى جادۇغا بىسىپ ئۆلتۈرىدۇ.

بۇ پاجىئە كىشىنى بەكمۇ تەسىرلەندۈرىدۇ. تەسىرلەنگىنى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى باھادىرلار ۋە باھادىرلىق روھىدۇر.

پالۋان ۋە جاھانكەزدىلەر قەدىمدىن بار بولۇپ، خەن سۇلالىسىدىكى لىيۇ باڭ جاھانكەزدى ئىدى. كېيىن زومىگەر خانغا، باھادىر قەھرىمانغا ئايلىنىپ، تارىختا نامى مەشھۇر ئىمپىرىيەنى قۇرغان؛ لىياڭشەن كۆلىدىكى باتۇر ئەزىمەتلەرمۇ يەنە بىر بۆلۈك باھادىرلار ئىدى. 11 ـ 12 ـ ئەسىرلەردىكى ياپونىيىدە بارلىققا كەلگەن كىيوۋاراۋا مۇ ئوسمۇر پالۋان بىلەن جاھانكەزدىلەرنىڭ بىرىكمىسى ئىدى. 9 ـ 12 ـ ئەسىردىكى ئەرەپ ـ ئىسلام جەمئىيىتى ھەمدە ئوتتۇرا ئاسىيادا بارلىققا كەلگەن ئەيياران (ئەييار، سەرگەردان)، شۇتتار (كۆچلۈك ئەر، باھادىر، لۈكچەك) كىچىك ئاسىيادىكى ئەسكىيا (تاغ ئوغرىسى)، سويغۇنچى (قاراقچى)، خىرسىز (ئوغرى)، ئەركەكلەر(ئەركەك)، پارسلاردىكى ئايىيار (يۇقىرىقى بىلەن ئوخشاش)، «پاھلاۋان»، «جاۋان ـ مەردان»، قاتارلىقلار ھەممىسى پالۋان بىلەن جاھانكەزدىلەرنىڭ بىرىكمىسى ئىدى، ھەممىسى ئىككى قىرلىق ئىدى[50]. بارتولد :ئۇلار «غازى»، «فەتىھ»دىن باشقا يەنە «دائىم مۇتاۋىيە» ( توغرا يېزىلىشى «ئەل مۇتاتاۋىي») دەپ ئاتالغان. (مەنىسى «پىدائىي»). بۇ خىل بىرىكىش خۇددى باشقا شەرق جەمئىيەتلىرىگە ئوخشاش تەشكىلى ۋە كوللېكتىپى بار ئىدى. بۇ خىل پىدائىي جەڭ تويلىرىنىڭ ئاتامانى ھەردائىم داڭ چىقىراتتى ۋە ھۆكۈمەتنىڭمۇ ئېتىراپىغا ئېرىشەتتى... نەدە بۇلغىدەك مال ـ دۇنيا بولسا ئۇلار شۇ يەرگە بېرىپ بۇلايتتى...گەردىزى «ئەييار» (لۈكچەك) سۆزىنى يۇقىرىقى نۇرغۇن سۆزلەرگەئالماش قىلىپ ئىشلىتىشنىڭ داۋلىسى يوقمۇ ئەمەس ئىدى. بۇ قىنىغا پاتمىغان كىشىلەرنىڭ چوڭ شەھەرلەردىكى توپلىغان كۈچى بەكمۇ كۈچلۈك بولۇپ،بۇ خىل ئەھۋال ھەممە جايدا ئوخشاش ئىدى[51]. بۇ شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى ئاناتولىيە ئىسلام جەمئىيىتىدىكى ئەييارلار بىرلىشىپ مەلۇم گۇرۇھ شەكىللەندۈرۈپ، بىر خىل جەمئىيەت كۈچى بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۆز دەۋرىدىكى دۆلەت ۋە ھاكىمىيەتكە زور تەسىر كۆرسەتكەنىدى[52].

ئوخشاشلا ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى «نوچى» ۋە «پوچى»لارنىڭمۇ ئىككى يۈزى بار ئىدى. ئۇلار كەمبەغەللەر ئۈچۈن «باتۇر»، «باھادىر» ۋە «قەھرىمان» ئىدى. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان سىيىت نوچى خۇددى ياۋرۇپانىڭ تەنھا قەھرىمانى، باھادىرى زوررودەك شەخس ئىدى.ئوخشىمايدىغان يېرى «نوچى» ۋە «پوچى» ئۇيغۇر سوفى گورۇھى ۋە ئۇۋەيس تەرەپدارلىرىدىن بۆلۈنۈپ، ھەتتا قارشى بولۇپ چىققان، دىنىي «كارامەت»كە ئىگە سىرلىق كۈچنىڭ سىمۋولى بولغان «تەنھا قەھرىمان» بولۇپ، ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلىمىدا جەمئىيەت باھادىرلىرى «ياخشىنى ياقلاپ، يامانىنى ئەدەپلەش، باينى بۇلاپ، كەمبەغەللەرنى يۆلەش» رولىنى ئويناپ كەلدى. لېكىن ھۆكۈمرانلارنىڭ ئىمتىيازىغا چېقىلمىدى، تېخىمۇ ھەم مەلۇم جەمئىيەت كۈچى ياكى گۇرۇھى ھاسىل قىلىپ، ھۆكۈمران سىنىپىنىڭ ئىرادىسى ياكى

قىممەت يۇزلىنىشىگە تەسىر قىلالمىدى. مانا بۇ ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى نوچى بىلەن پوچىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە كىچىك ئاسىيادىكى ئىسلام جەمئىيىتىدىكى ئەييارلار بىلەن بولغان پەرقىدۇر. ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە دىنىي مەزھەپلەر كۆپ، مەزھەپ كۈرىشى ئۇزۇلمىگەن (قارا تاغلىق ۋە ئاق تاغلىق)، سوفى ئىشانلار ھەم ئۆزلىرىنىڭ باش دىنىي ئەھكاملىرىغا خىلاپلىق قىلغان، ھوقۇق ۋە ئىمتىيازغا دۇم چۈشكەن. بۇ ئارقىلىق دىنىي ھوقۇق ۋە ھاكىمىيەتنى ئىجرا قىلغان. بۇ خىل تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش ئاستىدا ئاۋام خەلقنىڭ نوچىلارنىڭ «باھادىرلىق روھى»غا تەلپۈنۈشى ئىنتايىن تەبىئىيدۇر. ئەلۋەتتە «نوچى» بولغان ئىكەن، ئۇنىڭغا ماس قارشىسى «پوچى»مۇ بارلىققا كېلىشى جەمئىيەت تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە پۈتۈنلەي ئۇيغۇن. ئۇلارنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە پائالىيەتلىرى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىيات يۇزلىنىشىگە، كىشىلەرنىڭ قىممەت قارىشىغا، كۈندىلىك تۇرمۇشى ۋە ئۆرپ-ئادەتتى قاتارلىق نۇرغۇن تەرەپلەردە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن.

تەرجىمە قىلىپ تەييارلىغۇچىلار:
مەمەتتۇرسۇن زۇنۇن ئوقيا (ئەنگلىيە)
فىرقەت مەخمۇت غازى (تۈركىيە)

ئىزاھلار*:

37. چېن گو گۇۋاڭ: «ئوتتۇرا ئاسىيا نەقشىبەندىيە سۇلۇكى ۋە دولتىمىز نىڭ شىنجاڭدىكى خوجىلار ۋە غەربىي شىمالدىكى تارماقلىرى»، «ھازىرقى زامان دىنىي تەتقىقات تاللانما كىتابلار-ئىسلام دىنى تومى»، مىللەتلەر نەشرىياتى 2008-يىلى نەشرى، 260-بەت.

38. زوتېگسگاۋ (ياپونىيە): «ئىسلام جەمئىيىتىدىكى كۆكەملەر- تارىختا جانلانغان باھادىر ۋە كۆكەملەر»، ياپونىيە 3-نەشرياتى 1994-يىل نەشرى، 75-73-بەت.

39. مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر: "«وتتۇرا ئاسىيا موغۇل تارىخى-تارىخى رەشىدى»، نىيۇ-يورك، 1972-يىلى، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيسى مىللەتلەر تەتقىقات ئورنى تەرجىمىسى، 2-نەشرى، شىنجاڭ خەلق نەشرياتى 1983-يىلى نەشرى، 9-بەت.

40. مۇھەممەد جوراس: «تارىخى رەشىدى زەيلى، قولىيازما، خېرۋي تەرجىمىسى، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيسى تارىخ تەتقىقات ئورنى 1983-يىلى نەشرى.

41. ئۇيغۇرچە «خاناقا» مەنىسى ئىبادەتخانا، نامازخانا.

42. لىن يۈۋي جى: «قىسقىچە قەشقەرھەققىدە».

42. چېن گو گۇۋاڭ: «ئوتتۇرا ئاسىيا نەقشىبەندىيە سۇلۇكى ۋە دۆلىتىمىزنىڭ شىنجاڭدىكى خوجىلار ۋە غەربىي شىمالدىكى تارماقلىرى»، «ھازىرقى زامان دىنىي تەتقىقات تاللانما كىتابلار-ئىسلام دىنى تومى»، مىللەتلەر نەشرياتى 2008-يىلى نەشرى، 299-بەت.

44. ئۇيغۇرچە مەدرىس، دىنىي مەكتەپ، قۇرئان مەكتىۋى.

45. «تەزكىرەئى مۇھەممەد شېرىپ خوجا» (چاغاتايچە قولىيازما).

46. ياڭ جىيەن شىن تۈزگەن: «قەدىمىي غەربكە ساياھەت شەرھى»، نىڭشيا خەلق نەشرياتى 1987-يىلى نەشرى، 284-بەت.

47. بارتولد «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك تارىخى»، پارىژ، 1945-يىل، 657-بەت.

48. ئابۇكېرىم راخمان تۈزگەن «ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىدىن تاللانما» (ئۇيغۇرچە نەشرى)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981-يىلى نەشرى، 85-21-بەت.

49. ئوسمان ئىسمايىل: «ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ تۈرلەرگە بۆلۈنىشى ھەققىدە»، «شىنجاڭ گېزىتى» (ئۇيغۇرچە)8-نەشرى، 2011-يىلى 5-ئاينىڭ14-كۈنى.

50. زوتېگسگاۋ (ياپونىيە): «ئىسلام جەمئىيىتىدىكى كۆكەملەر- تارىختا جانلانغان باھادىر ۋە كۆكەملەر»، ياپونىيە 3-نەشرياتى 1994-يىل نەشرى، 3-2 بەتلەر.

51. (رۇسىيە) بارتولد: «موڭغۇل تاجاۋۇزىدا يىقىلغان تۈركىستان» (1-بولۇم)، جاڭ شىدەن، جاڭ گۇۋاڭدا تەرجىمىسى، شاڭخەي قەدىمكى ئەسەرلەر نەشرياتى 2007-يىلى نەشرى، 249-248-بەت.

52. زوتېگسگاۋ (ياپونىيە): «ئىسلام جەمئىيىتىدىكى كۆكەملەر- تارىختا جانلانغان باھادىر ۋە كۆكەملەر»، ياپونىيە 3-نەشرياتى 1994-يىل نەشرى، 65-97-بەتلەر.

* ئىزاھاتلاردا ئىشلىتىلگەن پايدىلىنىش ماتېرىياللىرىنىڭ نومۇرى، ئەسلى كىتابتىكى رەت تەرتىۋى بويىچە بېرىلدى.



www.uyghurkitap.com



# 19 ـ ۋە 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئورنى ھەققىدە بايانلار

زۇلھايات ئۆتكۈر (شىۋېتسىيە)

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە مۇشۇ ئەسىرنىڭ بېشىدا زېمىنىمىزدا تۈرلۈك سەۋەبلەر بىلەن ئۇيغۇرلار ئۈستىدە تەكشۈرۈش، كۆزىتىش ۋە تەتقىقاتتا بولغان غەرپلىك سەيياھ، مىسسىيونېر ۋە ئېكسپېدىتسىيىچى ئەجنەبىلەرنىڭ قالدۇرغان ماتېرىياللىرىدا ئۇيغۇر ئاياللىرىغا مۇناسىۋەتلىك خېلى كۆپ يازمىلار بار. مەن شۇ ئۆزۈم كۆرگەن يازمىلارغا ئاساسەن ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئەجنەبىلەرنىڭ خاتىرىسىدىكى دۇنيا قاراش، كىشىلىك ئەقىدە، ئائىلىق خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن ھازىرقى كۈندىكى ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ جەمىيەتتىكى ئورنى، دىنىي ئېتىقادى ۋە ئائىلىق پەزىلەتلىرى ئوتتۇرىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى ۋە ساقلىنىپ قالغان خۇسۇسىيەتلەرنى سېلىشتۇرۇپ چىقىشقا تىرىشتىم.

بۇ يازمىلارنىڭ كۆپىنچىسىدە، ئۇيغۇر ئاياللىرى دىنىي ئېتىقادى ناھايىتى كۈچلۈك، شەرمى ـ ھايالىق، ئېرى ۋە بالا ـ چاقىسى ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىدىغان، ئىشچان دەپ تەرىپلىنىش بىلەن بىرلىكتە يەنە ئۇلار دىنىنىڭ چەكلىمىسى ۋە ئۆرپ ـ ئادەت تۈپەيلىدىن بېكىنمە، مۇستەقىل كۆز قارىشىنى ئىپادىلىيەلمەيدىغان، نىكاھ ئەركىنلىكىدىن مۇستەسنا، نادان، خۇراپىي، ئابرويپەرەس خاراكتېرگە ئىگە دەپ تەسۋىرلەنگەن.

توغرا، كۆپلىگەن مۇسۇلمانلاردا، ئىسلام دىنى پەقەت بىر دىنلا بولۇپ قالماي، يەنە ئۆز نۆۋىتىدە يەنە بىر ئېتنىك گۇرۇپپىنىڭ مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنىڭ تەۋەلىكىنىڭمۇ سىمۋولى بولۇپ قالغان. ئۇيغۇرلاردىمۇ ئۇ دەۋرلەردە ئىسلام دىنى شۇنداق ئىجتىمائىي، مەدەنىي، سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي ساھەلەردە زور رول ئويناپ كەلگەن. لېكىن بەزى ئۆرپ ـ ئادەتلەر ئىسلام دىنىنىڭ چەكلىمىسىدىن ھالقىغان بولۇپ، تەدرىجىي ھالدا ئادەت خاراكتېرگە ئايلانغان. مەسىلەن بەزى مۇسۇلمان دۆلەتلىرىدىكى قىزلارنى خەتمە قىلىش ھادىسىسى قۇرئان كەرىمدە چۈشۈرۈلمىگەن، پەقەت ئافرىقىدىكى بىر قىسىم مۇسۇلمان دۆلەتلىرىنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى بولۇپ شەكىللىنىپ قالغان. ئەمەلىيەتتە بۇ ھادىسە ئاياللارنىڭ جىنسىي سېزىمىنى بوغۇپ، ئۇلارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىنى ئەرلەردىن تۆۋەنلىتىپ، نورمال تۇرمۇش كەچۈرۈش ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم قىلىپ، ئۇلارنى جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتە كۆپ دىشۋارچىلىقلارغا دۇچار قىلغان.

قەشقەر ۋە يەركەنتلەردە ئۇزۇن يىل تۇرغان شىۋېتسىيىلىك مىسسىيونېر L. E ـ Hgberg نىڭ قالدۇرغان ماتېرىياللىرىغا قارايدىغان بولساق، ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قېتىملىق توي مەرىكىسىنى تەسۋىرلەپ مۇنداق يازىدۇ: «ئەر مېھمانلارغا پولوغا گۆش بېسىپ تارتىلدى، ئىچكىرىكى ئۆيدە ئولتۇرغان ئايال مېھمانلارغا بولسا نەچچە پارچە سۆڭەكلا بېسىلغانىدى.»[1]

«بۇ موزدۇزنىڭ يەتتىنچى قېتىم توي قىلىشى بولۇپ، بىر ئايال بىلەن ئالتىنچى قېتىم نىكاھ ئوقۇشى ئىدى.»

ئەينى ۋاقىتتىكى مىسسىيونېرلاردىن بىرى بولغان سىگرىد ھۆگبېرگنىڭ قالدۇرغان كۈندىلىك خاتىرىسىگە ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇر ئاياللىرى كىيىم ـ كېچەك ۋە زىبۇ زىننەتكە ھېرىسمەن بولۇپ، ئۇلارنى ھەتتا ئىجتىمائىي ئورنىنى بەلگىلەشنىڭ ئۆلچىمى

دەپ قارىغان. پەقەت كىيىم-كېچەك، ياسىنىشدىنلا ئاياللارنىڭ قايسىسىنىڭ خوجايىن ۋە قايسىسىنىڭ مۇلازىم ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلغىلى بولىدىغان بولۇپ، مەيلى خوجايىن ئايال ياكى مۇلازىملار بولسۇن ھەممىسىنىڭ ئاغزىدىن ئوخشاشلا قوپال تىللارنى ئاڭلىغىلى ۋە بولمىغۇر ئىش ھەرىكەتلەرنى ئۇچرىتىش تەس ئەمەس. شۇڭا ئۇيغۇر جەمىيىتىدە خوجايىن بىلەن مالايلار ئوتتۇرىسىدا غەرب ئەللىرىدىكىگە ئوخشىمايدىغان بىر خىل يېقىن، قويۇق مۇناسىۋەت بولۇپ، مالايلار ئۇ ئائىلىنىڭ بارلىق پىنھان سىرلىرىنى ساقلىيالايدۇ ۋە ئائىلىدە يۈز بەرگەن بارلىق قۇتلۇق ئىشلاردىن شۇنداقلا پىشكەللىكلەردىن خەۋەر تېپىپ تۇرىدۇ (كۈندىلىك خاتىرە قوليازمىلىرىدىن).



Nils Ambolt نىڭ «كارۋان »ناملىق كىتابىنىڭ ئاياللارنىڭ «ھېس-تۇيغۇسى ۋە ئىسلام دىنى» دېگەن بابىدا مۇنداق بايان قىلىنغان: «بۇ يەردە ئەرلەرنىڭ ئاز دېگەندە ئىككىدىن ئايالى باردى. بۇ خوتۇنلار ئوخشىمىغان موردىن ئىس چىقىرىشىپ ئۆتىسمۇ لېكىن ئۇلار ئۆزارا چىقىشىپ ئۆتۈشەتتى. لېكىن مەن ئاياللىق سەزگۈمگە تايىنىپ، ئۆزۈم كۆرۈشكەن ئاق ساقالنىڭ يېڭىدىن ئەمرىگە ئالماقچى بولغان كىچىك خوتۇنىنىڭ كۆزلىرىدىن مەيۈسلۈكنى كۆرگەندەك بولدۇم، مەن ئۇنىڭغا پىچىرلاپ ئاق ساقالنىڭ كېرىيىدىكى خوتۇنىنىڭ 60 ياشتا ئىكەنلىكىنى ئېيتقىنىمدا ئۇنىڭ كۆزلىرى چاقناپ، باشقىدىن جانلىنىپ كەتتى.»

يەنە شۇ ئاپتورنىڭ «قەشقەر» ناملىق كىتابىدا مۇنۇ قۇرلار بايان قىلىنغان: قەشقەرلىك قىز چوكانلار كىشىلەر بىلەن كۆزى ئۇچرىشىپ قېلىشتىن ئۆزىنى قاچۇراتتى، بۇ شەرقلىق ئاياللارنىڭ ئورتاقلىقى ئىدى[2].

«شەرقىي تۈركىستاندىكى 25 يىل» دېگەن كىتابتا، ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ھاياتى مۇنداق بايان قىلىنغان: ئاتا-ئانىلار قىزلار 8 ياشقا كىرگەندىن باشلاپلا ئۇلارغا ئەر ئىزدەشكە باشلايدۇ. 16-14 ياشلىق قىزلار «ئولتۇرۇپ قالغان» قىزلار بولۇپ سانىلىدۇ. لېكىن بايلارنىڭ قىزلىرى جۈپتىنى ئۆزلىرى تاللاش ئەركىنلىكى بولىدۇ. ئاياللارنىڭ ئۆي پىكرىمۇ قانداق قىلىپ ئەرلىرىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشتا بولۇپ، بۇ ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئابرۇيپەرەس، يالغانچى، ئىشەنچسىز، سۈيقەست پىلانلايدىغان خاراكتېرىنى شەكىللەندۈرگەن. چۈنكى ئۇلار ئەرلىرىدىن ئايرىلىپ قالسىلا يۆلەنچۈكسىز قالاتتى[3].

يۇقىرىقى مىساللاردا ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئائىلىدىكى، جەمئىيەتتىكى ئورنى ناھايىتى تۆۋەن، كىشىلىك ھوقۇقى كاپالەتكە ئىگە بولمىغان ھالەتتە تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرىگە كۈچلۈك ئۇچرىغانلىقىدىن بولغان دەپ يەكۈن چىقىرىلغان. تۈركولوگ گۇننار ياررىڭ 1950-1900 يىللىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا ۋەتىنىمىزدىن توپلىغان ۋە ھازىر شۋېتسىيە لۇند ئۇنىۋېرسىتېتىدە ساقلىنىۋاتقان ئۇيغۇرلارغا ئائىت چاغاتاي تىلىدىكى «ئالتە شەھەردىكى مەزلۇملارنىڭ باياني» ناملىق بىر قوليازمىدا بولسا ئالتە شەھەردىكى ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئېتائەتمەن، تىرىشچان شۇنداقلا قولى چىۋەر خاراكتېرگە ئىگە ئىكەنلىكى ئىپادىلەنگەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. چاغاتاي تىلىدىكى قولىيازمىدا مۇنداق مەزمۇنلار بايان قىلىنىدۇ:

«ئەگەر ئېرى ئۆيگە لازىملىق نەرسىلەرنى ئەكىلىپ قويسا، خوتۇنى ئېرىدىن سورىماي خەجلەيدۇ. ئېرى خوتۇنىدىن «پۇلنى نىمە قىللە» دەپ سورىمايدۇ. بەزىدە خوتۇنى «مېھمان قىچقىرىمەن، ماڭا ئون ژىگمە تەڭگە پۇل بەسىلە» دەپ سورايدۇ. ئېرى «ئاچقۇ ئۆزەڭنىڭ قولىدىغۇ، ئۆزلىرى ساندۇقتىن ئېلىپ قانچىكى خەجلىسىلە خەخلەۋەسىلە» دەيدۇ. خوتۇنى «مەنغۇ خەجلەۋەسەم بولىدۇ، ئەمما سىلەنىڭ ئىجازەتلىرى بىلەن خەجلىگىنىم ئوبدان» دەيدۇ. ئېرى قانداق تاماق يەيمەن دېسە شۇنى ئېتىپ بېرىدۇ. ئېسىل كىشىلەر ساماۋارخانىدىن تاماق يېمەيدۇ، بازادىن ھەم تائام ئېلىپ ئۆيگە ئەكىرمەيدۇ. مەزلۇم كىشىلەر ھەمىشە



www.uyghurkitap.com

ئۆيدە تائام ئېتىپ بالا ـ ۋاقىلىرى بىلەن بىللە يەيدۇ. چاق ئېگىرىپ، يىپ قىلىپ ساتادۇر ۋە كۆكلەك، ئىشتان ئېگەنلىنى مەزمۇم كىشى ئۆزى ئۆيدە تىكىدۇ.

لېكىن يەنە ھەممە يەردە بەش بارماق تەڭ بولمىغىنىدەك بەزى ناچار خاھىشلارنىڭمۇ بارلىقى تۆۋەندىكىدەك بايان قىلىنىدۇ:

بەزى ئەسكى مەزلۇم كىشلەر ئۆيىنىڭ پايدا زەرەرى بىلەن ئىشى بولمايدۇ، ئۆزىنى ياساپ يۈرىدۇ. ئېرىمۇ ساندۇقنىڭ ئاچقۇچىنى بەرمەيدۇ. ئۇسال خاتۇنلەر ئۆيدە تائام ئېتىپ بەرمەي، بازاردىن ئەكەلدۈرۈپ بېرىدۇ.

20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۇيغۇر ئاياللىرى ئائىلە ئىشلىرىنى قىلغاندىن باشقا يەنە ئېتىش ئېرىق، دېھقانچىلىق ئىشلىرىغىمۇ قاتنىشىپ، ئېرىنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتەتتى.

مەسىلەن، يۇقىرىقى قول يازمىدا يەنە بۇ ھەقتە مۇنداق بايانلار بار:

«كالىنى ئېغىلدىن مەزلۇم كىشى ئۇششاق باللارغا ئەچىقتۇرۇپ، يا ئۆزى ئەچىقىپ، بىر تۈۋرۈككە باغلاپ، كالىنىڭ بېجىكىنى ئىككى ـ ئۈچ قاتار مۇجۇپ موزايىنى ئازراق ئېمىتىپ يەنە ساغىدۇ. كالىنىڭ سۈتى ئاز بوپ قالسا، ئوبدان ھەلەپ ئېتىپ بەرسۇن دەپ ئىشلەيدىغان ئادەمگە بۇيرۇيدۇ. مەزمۇم كىشلەر قوناق، بۇغداي تېرىسە، ئېرىنىڭ كەينىدىن بىللە يۈرۈپ تاپساپ بېرىدۇ. ئىنەك، ياكى ئۆچكە، قويلارنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، مېتالنى تىزىغا قىسىپ ئولتۇرۇپ يا بولمىسا يەنە بىر مەزلۇم كىشىگە تۇتقۇزۇپ قويىدۇ. يامان كالا بولسا، ئىككى پۇتىنى تېڭىپ قوياپ سويىدۇ. ئوغۇزنى موزاي ئېمىدۇ. كالا تۇغۇپ بىرەر ئايغىچە ساغمايدۇ، بۇ ئوغۇز سۈتىنى ئىچسە ئادەمگە زەرەر قىلىدۇ دەپ بىر ئايدىن كېيىن سېغىپ ئاخشاملىقتا چېلەككە ئەپ قويىدۇ، شامالىق يەرە قويىدۇ.كىچىچە قايماق تۇتىدۇ. ئەتىگەندە قايماقنى سۈزۈپ، قايماق چاي قىلىپ ناشتا قىلىدۇ، بولمىسا قايماقنا باراۋەر كەلگۈدەك شېكەر سېلىپ، ئۆزۈن قوچۇپ، يۇمشاق نانىدا قايماقنى ئېلىپ يەيدۇ.»

داڭلىق تۈركولوگ، «ئۇيغۇرچە ـ ئېنگلىزچە لۇغەت» نىڭ تۈزگۈچىسى گۇستاۋ راكۇيېتىنىڭ قەشقەردە توپلىغان ماتېرىياللىرى ئىچىدە ساقلىنىۋاتقان، قەشقەردىكى ئەنگلىيە كونسۇلخانىسىنىڭ خادىمى بولغان مۇھەممەت ئالى داموللا تەرىپىدىن يېزىلغان قوليازما توپلىمىدا «مەزلۇم كىشلەرنىڭ قىلىدىغان ئىشلىرى» ناملىق چاغاتاي تىلىدا يېزىلغان بايان بولۇپ، تارىخى دەۋرى 1905 ـ 1910 يىللارغا توغرا كېلىدۇ.

«مەزلۇم كىشلەرنىڭ ئىشى پىشۇرماق، ياپماق، تىكمەك، ئوت ئوتىماق، قوناق سويماق، ئېگەن تىكمەك بولادۇر. بۇندىن باشقا، قاشلىق ئەتمەك، ئۇپا ئەڭلىك سۈرتمەك، ئۇسما قويماق، ساچ سالماق، باش باقماق، ئۆزىگە زىننەت قىلىپ پەداز قىلماق، ئۇلاغ باقماق، ئوران سالماق، ئوران يىغماق، سۈپۈرمەك، شىرە، تەكىنە، قاپاقتا سۇ كەلتۈرمەك مەزلۇملارنىڭ ئىشىدۇر. باش ئۆيەپ (ئورۇپ) بىرىپ شۇنىڭدىن جان باقىدىغان مەزلۇملار بار.»


مظلوم خلق نینك قیلادورغان ایشلاری

ئەمەلىيەتتە قۇرئان كەرىمدە ئاياللارنىڭ ئورنى ئەرلەر بىلەن باراۋەر قىلىپ كۆرسىتىلگەن ۋە ئاياللارنىڭ ھوقۇق ۋە مەنپەئەتلىرى كاپالەتكە ئېگە قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئوخشىمىغان كۆزقاراش ۋە ئېقىمدىكىلەر ئۇنى تۈرلۈك ئۇسۇللاردا شەرھلەپ كەلگەن. غەرب دۇنياسىدىكى ئاياللارنىڭ ئورنى تېخى يېقىنقى 200 يىلدىن بېرى تىكلەنگەن بولسا، ئىسلام دۇنياسىدىكى ئاياللارنىڭ ئورنى بۇندىن 1400يىل بۇرۇنلا قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتلىرى كۆرسىتىلىپ، ئاۋاز بېرىش ھوقۇقى، ئۆز جۆپتىنى تاللاش ئەركىنلىكى، نىكاھتىن ئاجراشقاندىن كېيىن باللارغا ھامىي بولۇش ھوقۇقلىرى ئېنجرا بوپ كەلگەن. ھەدىستە بىر بايان بار: دادىسى تەرىپىدىن مەجبۇرى بىرسىگە ياتلىق قىلىنماقچى

www.uyghurkitap.com

بولغان بىر قىز پەيغەمبەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ دەرت تۆكۈپتۇ. «دادام مېنى ئۇنىڭ بايلىقىنى دەپلا، مېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن تويى قىلىشقا مەجبۇرلاۋاتىدۇ، مەن بۇنى ئەسلا خالىمايمەن پەيغەمبىرىم» دەپتۇ. پەيغەمبەر بۇنى ئاڭلاپ «سېنىڭ ئەركىنلىكىڭ بار، ئۆزۈڭنى بۇ ئىشقا مەجبۇرلاشنىڭ ھاجىتى يوق، ئۆزۈڭ خالىغىنىڭنى قىلغىن» دەپ جاۋاپ بېرىپتىكەن.

دەرۋەقە ئىسلام جەمئىيىتى «شۇرا»، «ماسلاخا» ۋە «ئىجتىھاد»تىن ئىبارەت مەركىزى سىستېما ئاساسىغا قۇرۇلغان بولۇپ، ئاياللار ئەرلەر بىلەن بىردەك «ئىجتىھاد»قا قاتنىشىدۇ. بۇ پرىنسىپ نەتىجىسىدە كۆپلىگەن رايونلار ئۆز ئالدىغا شەكىللەندۇرگەن ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن.

ئىجتىمائىي تۈزۈم ئوخشىمىغان ئىندىۋىدلارنىڭ ھوقۇق مەنپەئەتلىرىنى شەكىللەندۇرگەن بولۇپ، ئاياللارنىڭ ھوقۇق مەنپەئەتى يەنە ئوخشىمىغان كاتىگورىيە، ئېتنىك ئالاھىدىلىك ۋە سىنىپقا باغلىق ھالدا ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، يۇقىرىقى مىساللاردىكىدەك، جەمئىيەتشۇناسلىقتا ئاياللار تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي شارائىتنىڭ چەكلىمىسى نەتىجىسىدە ئەرلەرگە بېقىندىغان، ئۇلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان «زاۋۇت»قا ئايلانغان بولسا، تەرەققىي قىلغان جەمئىيەتتە ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەر بارلىق ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى بەلگىلەيدۇ، پەقەت ئىقتىسادىي ئامىللارلا ئىنسانلارنىڭ ئورنى، تەپەككۇرى ۋە يۈرۈش ـ تۇرۇشىنى بەلگىلەيدۇ دەپ قارايدۇ.

بىر ئەسىردىن كېيىن ئىسلام دۇنياسىدىكى ئاياللارنىڭ ئورنىدا خېلى كۆپ ئۆزگىرىشلەر بولدى. ئىسلام فېمىنزمچىلىرى باش كۆتۈردى. ماراكەشلىك فاتىما مېرنىيسسى قۇرئاننىڭ پەقەت خاتا تەدبىق قىلىنىۋاتقانلىقىنى، كېيىنكى خەلىپىلەرنىڭ ئاياللارنى كەمسىتىدىغان، تۆۋەن كۆرىدىغان ئېقىملارنى ئېلىپ كەلگەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ.

ئىنفورماتسىيە تېخنىكىسىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئورنىدىمۇ باشقىچە چوڭ ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. بىلىم ئېلىش، خىزمەت بازىرىغا يۈزلىنىش، تۇغۇتتىن كېيىنكى كۈتۈنۈش، ئۆمۈر كۆرۈش يېشى قاتارلىقلاردا خېلى كاپالەتلەر بېرىلدى. ئۇيغۇر ئاياللىرى باشلىرىدىكى ھىجاپنى چۆرۈپ تاشلاپ ئىسلاھات دەۋرىگە لايىقلىشىش ئۈچۈن دىنىي ئەقىدە، مەدەنىيەت ۋە ئەخلاق ـ پەزىلەتلەرنىمۇ بىرگە چۆرۈپ تاشلاش كېرەكمۇ قانداق دېگەن خىرىسلارغا دۇچ كەلدى ۋە تۈرلۈك كرىزىسلارغا يولۇقتى.

ئامېرىكىلىق پەيلاسوپ Susan Mollir Okin(1946 ـ2004) نىڭ نەزەرىيىسىگە ئاساسلانغاندا مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتى لىبىرالىزمنىڭ ئاساسىي قانۇنىيەتلىرىگە بوي سۇنغان ھالدا كاپالەتكە ئىگە بولۇشى كېرەك. ئاياللار ھوقۇق ۋە مەنپەئەتلەرگە ئىگە بولۇپلا قالماي بەلكى يەنە ئىجتىمائىي رولىنىمۇ جارى قىلدۇرۇشى كېرەك.

ھىجاپ ئارتىش دىنىي بېسىمغا ئۇچرىغانلىق، كالتەك يوپكا كىيگەنلىك مودېرنىزم دېيىشكىمۇ بولمايدۇ. ئىران فىلىملىرىدە ھىجاپ ئەرلەرنىڭ ھەۋىسىنى توسۇش ئۈچۈن دەپ قارالسا، ھىندى فىلىملىرىدە ھىجاپ ئەرلەرنىڭ ھەۋىسىنى قوزغاش ئۈچۈن دەپ قارىلىدۇ. غەرپ ئەللىرىدە ھىجاپ مەدەنىيەتنىڭ قالدۇقى دەپ قارالغان بولسا، ھۆمەينى ئۇنى مەدەنىيەتنىڭ يۈكسەكلىكى دەپ قارايدۇ.

Kymlicka Will نىڭ ئىندىئان ئاياللىرى توغرىسىدا ئىزدىنىپ يازغان «لىبىرالىزم، جەمئىيەت ۋە مەدەنىيەت» ناملىق كىتابىدا ئىندىئان ئاياللىرىنىڭ ئۆز كىملىكىنى ساقلاش ئۈچۈن ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتىن قىلغان كۈرەشلىرىنى تىلغا ئېلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئۆزلىرىنىڭ ئۇرۇقىدىن باشقا ئۇرۇقتىكىلەر بىلەن ياكى باشقا مىللەتلەر بىلەن تويى قىلغان ئىندىئان ئاياللىرى ئۆز ئورنىنى يوقىتىپ قويىدۇ. ئاياللار پەقەت ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلىش ئارقىلىقلا ئىجتىمائىي ئورنىنى تىكلىيەلەيدۇ.

جۇملىدىن ئۇيغۇر ئاياللىرى نۆۋەتتە تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن خىرىس ۋە تەقدىرگە دۇچ كەلمەكتە. ۋەتەن ئىچى ياكى سىرتىدىكى ئۇيغۇر ئاياللىرى بولسۇن، ھەممىسىلا ئۆز كىملىكى ۋە مەدەنىيەت تارىخىنى قوغداش، كېيىنكى ئەۋلادلارغا ماددىي ۋە مەنىۋىي بايلىقلارنى مىراس قالدۇرۇش يولىدا قىيىنچىلىقلار ئالدىدا يەنىلا ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ قەيسەر، تىرىشچان، ئېپپەت نومۇسىنى ئەزىز بىلىدىغان مىجەزلىرى بىلەن ئۇيغۇر روھىنى مەڭگۈ جەۋلان قىلغۇسى.

پايدىلىنىلغان مەنبەلەر:


1. Nils Ambolt "Karavan", Nordsteds, 1935
2. 25 Ar i Ost Turkistan, 1917, Stockholm
3. Prov.207 , Gunnar Jarring Collections of East Turkistan, Lund Luniversitet



# «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ سېلىشتۇرمىسى

مەمەتتۇرسۇن زۇنۇن ئوقيا (ئەنگلىيە)

ئەسلەتمە:
«قۇتادغۇبىلىك»نىڭ سېلىشتۇرمىسى سىزگە ئەسلى تېكست، هازىرقى تۈركچە ۋە هازىرقى ئۇيغۇرچە تەرجىمە تەرتىۋى بىلەن بېرىلگەن بولۇپ، رېتى ئۆز پېتى ئېلىندى.

IV yaruk yaz faslın uluğ buğra han ögdisin ayur
IV. PARLAK BAHAR MEVSİMİNİ VE BÜYÜK BUĞRA HAN'IN MEDHİNİ SÖYLER

## تۆتىنچى باب
## پارلاق باهار پەسلى ۋە ئۇلۇغ بۇغراخان مەدھىيىسى باياىندا

63 Toğardın ese keldi öñdün yéli,
Ajun étgüke açtıuştmah yolı.
63 Şarktan bahar rüzgârıeserek geldi; dünyayısüslemek için, cennet yolunu açtı.
63 ئېسىپ كەلدى شەرقتىن باهارنىڭ يېلى،
بېزەشكە جاهان ئاچتى جەننەت يولى.

64 Yağız yér yıpar toldı kâfûr kitip,
Bezenmek tiler dünyâ körkin itip.
64 Kâfur gitti, kara toprak misk ile doldu; dünya kendisini süsleyerek, bezenmek isٍtiyor.
64 قوڭۇر يەر ئىپار تولدى ، كافۇر[25] كېتىپ،
بىزەنمەك تىلەر دۇنيا كۆركەم ئېتىپ.

65 İrinçig kışığ sürdi yazkı esin,
Yaruk yaz yana kurdı devlet yasın.
65 Bahar rüzgârı eziyetli kışı sürüp, götürdü; parlak yaz tekrar saadet yayını kurdu.
65 جاپا قىشنى قوغلاپ يازغى ئېسىن[26]،
پارلاق ياز يەنە قۇردى دەۋلەت ياسىن.

www.uyghurkitap.com

66 Yaşık yandı bolğay yana ornıña,
Balık kudrukından kozı burnıña.
66 Güneş balık-kuyruğundan (hût), kuzu-burnuna (hamel) kadar olan yerine tekrar döndü.
قۇياش ياندى بولغاي يەنە ئورنىغا، 66
بېلىق قۇيرۇغىدىن قوزى بۇرنىغا [27].

67 Kurımış yığaçlar tonandı yaşıl,
Bezendi yipün al sarığ kök kızıl.
67 Kurumuş ağaçlar yeşiller giyindi; tabiat mor, al, yeşil ve kızıl renkler ile süslendi.
قۇرۇغان ياغاچلار كىيىندى يېشىل، 67
بىزەندى يىپۇن [28]، هال، سېرىق، كوك، قىزىل.

68 Yağız yér yaşıl torku yüzke badı,
Hıtay arkışı yadtı tawğaç edi.
68 Kara yer yüzüne yeşil ipek bağladı; hıtay kervanı da bunun üstüne çın kumaşı yaydı.
قوڭۇر يەر يېپىندى يېشىل تورقىنى، 68
تاۋغاچ رەختى يايدى قىتان كارۋىنى.

69 Yyazı tağ kır oprı töşendi yadıp,
Itindi kolı kaşı kök al kedip.
69 Düzlükler, dağlar, sahralar ve ovalar bunu yayıp, döşendiler; vadiler ve yamaçlar al ve yeşil giyerek, süslendiler.
دالا، تاغ، قىر، ئويمان توشەندى يېيىپ، 69
بىزەندى ۋادىلار يېشىل ، هال كىيىپ.

70 Tümen tü çéçekler yazıldı küle
Yıpar toldı kâfûr ajun yıd bile
70 Binlerce çiçekler gülerek açıldılar; dünya misk ve kâfur kokusu ile doldu
تۈمەن رەڭ چېچەكلەر ئېچىلدى كۈلۈپ ، 70
ئىپار، كافۇر هىدىغا دۇنيا تولۇپ .

71 Sabâ yéli koptı karanfil yıdın,
Ajun barça bütrü yıpar burdı kin.
71 Karanfil kokulu bahar rüzgârı esti; dünyanın her tarafı misk ve anber kokusu ile doldu.
ئېسىپ تاڭ شامالى قەلەمپۇر پۇراق، 71
ئىپار بۇيىغا تولدى دۇنيا بىراق.

72 Kaz ördek kuğu kıl kalıkığ tudı,
Kakılayu kaynar yokaru kodı.
72 Kaz, ördek, kuğu ve kıl-kuyruk fezayı doldurdu; bağırışarak, bir yukarı-bir aşağı, kaynaşıyorlar.
غاز ، ئودەك، قىل [29]، ئاققۇ خوشاللىق بىلەن، 72
قاقىلداپ ئۇچۇشۇر يۇقىرى ـ تۆۋەن.

73 Kayusı kopar kör kayusı konar,
Kayusı çapar kör kayu suw içer.
73 Bak, biri kalkıyor, biri konuyor; biri yüzüyor, biri su içiyor.

ئەنە كۆر ، بىرى قونسا ، ئۇچار ئۇ بىرى، 73
بىرى ئۈزسە ئويناپ ، ئىچەر سۇ بىرى.

74 Kökiş turna kökte ünün yañkular.
Tizilmiş titir teg uçar yélgürer.
74 Kökiş ve turnalar gökte yüksek sesle bağırışıyor; dizilmiş deve katarı gibi, uçup, kanat alıyorlar.

تىزىلغان تۆگىدەك كۆكىش[30] تۇرنىلار، 74
ئۇچار ، يەلپۈنەر ھەم ئۈنىن ياڭرىتار.

75 Ular kuş ünin tüzdi ünder işin
Silig kız okır teg köñül bérmişin
75 Keklik, sesine bir ahenk vererek, eşine sesleniyor; sanki güzel bir kız gönül verdiğini çağırıyor.

ئۇلاي قۇش سايرىدى ئۈندەپ يولدىشىن، 75
گۈزەل قىز قىچقارغان كەبى سۆيمىشىن.

76 Ünin ötti keklik küler katğura,
Kızıl ağzı kan teg kaşı kap kara.
76 Keklik yüksek sesle öttü, sanki gülmekten katılıyor; ağzı kan gibi kızıl, kaşı sim-siyah.

قاقىلدادى كەكلىك ، كۈلۈپ قاتقارا [31]، 76
قىزىل ئاغزى قاندەك ، قىشى قاپقارا .

77 Kara çumğuk ötti sata tumşukın,
Üni oğlağu kız üni teg yakın.
77 Kara çumguk mızrak gibi gagası ile ötüyor; sesi, nazlı bir kızın sesi gibi, cana yakındır.

قارا قۇشقاچ ئۆتتى ستا تۇمشۇغىن[32]، 77
ئۈنى نازىنىن قىزنىڭ ئۈنىگە يېقىن.

78 Çéçeklikte sandwaç öter miñ ünün,
Okır sûr-ı ʻibrî tünün hem künün.
78 Çiçek bahçesinde bülbül binlerce sesle ötüyor, sanki gece-gündüz Mezamir okuyor.

چېچەكلەر مىڭ خىلدا بۇلبۇل ئۈنى، 78
ئوقۇر سورى ئەبرىنى[33] كۈن ھەم تۈن .

79 Elik külmiz oynar çéçekler öze,
Sığun muyğak ağnar yorır tép keze.
79 Karacalar, dişi-erkek, çiçekler üzerinde oynuyor; geyikler, dişi-erkek, sıçrayıp oynıyarak koşuşuyorlar.

ئىلىك ۋە جەرەن گۈل ئارا ئوينىشۇر، 79
ئارقار ، تاغ ئۆچكىسى جۈپ ـ جۈپ سەكرىشۇر .

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب بېكىتى

80 Kalık kaşı tügdi közi yaş saçar,
Çéçek yazdı yüz kör küler katğurar.
80 Gök kaşını çattı, gözünden yaş serpiliyor; çiçek yüzünü açtı, bak, gülmekten katılıyor.
80 قاشىن تۈردى ئاسمان ، كۆزى ياش چاچا،
چېچەكلەر يۈز ئاچتى ، كۈلۈپ قاتقارار.

81 Bu üdte ajun öz öziñe bakıp,
Küwenip sewinip ediñe bakıp.
81 Bu esnada dünya kendi-kendine baktı; sevinip övünerek, hazinesini gözden geçirdi.
81 بۇ ۋاقىتتا جاھان ئۆز ـ ئۆزىگە قاراپ،
سۆيۈنۈپ ، قۇۋانىپ مېلىغا قاراپ.

82 életü maña açtı dünyâ sözin,
Ayu körmediñmü bu hakan yüzin.
82 Gözü bana ilişince, söze başladı ve şöyle dedi : — Sen bu hakanın yüzünü görmedin mi?
82 ماڭا كۆز يۈگەرتكەچ ئۇ ئاچتى سۆزىن،
دېدى : كۆرمىدىڭمۇ ، بۇ خاقان يۈزىن؟

83 Udır erdiñ erse tur aç emdi köz,
Eşitmediñ erse eşit ménde söz.
83 Uyuyor idi isen şimdi kalk, gözünü aç; işitmedin ise, şimdi benim sözümü dinle.
83 ئەگەر ئۇيقۇلۇقسەن، تۇر، ئاچ ئەمدى كۆز،
ئىشىتمىگەن ئولساڭ، ئىشىت مەندىن سۆز.

84 Tümen yılda berü tul erdim tulas,
Bu tul tonı suçlup ürüñ kedtim as.
84 Ben binlerce yıldan beri dul idim, benzim solmuştu; şimdi bu dul libasını çıkarıp, beyaz kakımdan gelinlikler giydim.
84 تۈمەن يىل تۇل ئەردىم ، سۇلغۇن يۈز ئىدىم،
سېلىپ تۇل كىيىم ، كىيدىم ئاق ئاس[34] كىيىم.

85 Bezendim begim boldı hakan uluğ,
Ötündüm munu kolsa cânım yuluğ.
85 Süslendim, çünkü ulu hakan eşim oldu; dileğim budur: o isterse, canım feda olsun
85 ئۇلۇغ خان بېگىمدۇر، ياساندىم شۇڭا،
قوبۇل قىلسا، جانىم پىدادۇر ئاڭا.

86 Bulıt kökredi urdı nevbet tuğı,
Yaşın yaşnadı tarttı hakan tîğı.
86 Gök gürledi, nevbet davulunu vurdu; şimşek çaktı, hakanın tuğunu çekti.
86 بۇلۇت گۈكرەپ چالدى خان دۇمبىقىن،
چېقىن چاقنىدى، تارتتى خان تۇغىن.

87 Biri kında çıktı sunup él tutar,
Biri küsi çawı ajunka yeter.
87 Biri kınından çıkınca, ona memleketler sunar; biri nâm ve şöhretini dünyaya yayar.
87 بىرى چىقسا قىنىدىن، ئەل بويسۇنار،
بىرى شان ـ شۆھرىتىن جاھانغا يايار.

88 Ajun tuttı tawğaç uluğ buğra han,
Kutadsu atı bérsü iki cihân.
88 Büyük Tavgaç Buğra Han dünyaya hâkim oldu; adı kutlu olsun, Tanrı onu her iki cihanda aziz etsin.

88 جاھان تۇتتى تاۋغاچ ئۇلۇغ بۇغراخان،
قۇتاتسۇن ئىتى، تاپسۇن ئىككى جاھان.

89 Ay dîn ‘izzi devletka nâsir mu‘în,
Ay milletka tâc ay şerî‘atka dîn.
89 Ey dinin izzeti, ey devletin yarıcısı, ey milletin tacı, ey şeriatin hadimi.

89 ئەي دىن ئىززىتى، دەۋلەتكە يار ـ مۇئىن[35]،
ئەي مىللەتكە تاج، ئەي شەرىئەتكە دىن.

90 Bayat bérdi barça tilemiş tilek,
Bayat ok bolu bérsü arka yölek.
90 Tanrı bütün dileklerini verdi; bundan sonra da Tanrı dâima sana arka ve destek olsun.

90 خۇدا بەردى بارچە تىلىگەن تىلەك،
ساڭا بولسۇن ھەق مەڭگۈ يار ـ يۆلەك.

91 Ay dünyâ cemâli uluğlukka körk,
Ay mülketka nûr ay yayığ kutka örk.
91 Ey dünyanın süsü, ey ululuğun ziyneti, ey saltanatın nuru, ey dönek huylu saadetin bağını elinde tutan.

91 ئەي دۇنيا جامالى ، ئۇلۇغلۇقا كۆرك،
ئەي مۈلك نۇرى ، ئەي بىۋاپا بەختكە ئۆرك [36].

92 Bolu bérdi ewren ilig bérdi taht,
Tuta bérsü teñri bu taht birle baht.
92 Devran sana memleket ve taht verdi; Tanrı bu taht ile bahtını dâim etsin.

92 زامان بەردى ساڭا دەۋلەت ۋە تەخت،
بېرىۋەرسۇن تەڭرى بۇ تەخت بىرلە بەخت.

93 Ajun tındı ornap bu hakan öze,
Anın ıdtı dünyâ tañuklar tüze.
93 Hakan tahta oturunca, dünya âsâyiş buldu; bundan dolayı dünya ona şâhâne hediyeler gönderdi.

93 جاھان تىندى چىققاچ خاقان تەختكە،
جاھان سۇندى سوۋغات خاقان بەختكە.

94 Esîrdin keligli kalık kuşları,
Kayu rây-ı hindî kayu kaysarı.
94 Esirden gelen semâ kuşları, kimi rây-i hindî, kimi kayseri.

94 پازادىن كېلىۋچى ساما قۇشلىرى،
بىرى رايى ھىندى[37]، بىرى قەيسەرى[38] .

www.uyghurkitap.com

95 Öger atın ündep ünin türtüşüp,
Küwenç birle awınur sewinçke tuşup.
95 Ötüşleri ile yarış ederek, adını anıp, sevinç ve huzur içinde onu öğerler.

95 ئېتىن ئاتىشىپ، بەسلىشىپ سايرىشۇر،
سۆيۈنۈش، خۇشاللىق ئارا يايرىشۇر.

96 Bu törlüg çéçek yérde munça bediz,
Yazı tağ kır oprı yaşıl kök meñiz.
96 Yerde bin bir çiçek, bin bir manzara, düzlük, dağ, sahra, vadi yeşil ve mavi renkler ile örtülmüş.

96 گۈزەل مەنزىرە، يەردە گۈل خىلمۇ ـ خىل،
دالا، تاغ، ئېدىر، قىر يۈزى كۆك، يېشىل.

97 Kayusı yıdı birle tapnur tapuğ ,
Kayu körk meñiz birle açtı kapuğ.
97 Kimi kokusu ile kulluk eder; kimi güzelliği ile harîmine girer.

97 بىرى خۇش ھىدى بىرلە قۇللۇق قىلار،
بىرى كۆرك يۈزىلە ئىشىكنى ئاچار.

98 Kayusı elig sundı tütsüg tutar
Kayu büvkirer kin ajun yıd kopar
98 Kimi elini uzatır; buhurdan sunar; kimi misk saçar ve dünya güzel kokular ile dolar

98 بىرى قول سۇنۇپ ئاگا ئىسرىق تۇتار،
ئىپار بىرلە بىرى جاھان تولغۇزار.

99 Kayusı toğardın tutar miñ tañuk,
Kayusı batardın tapuğçı anuk.
99 Kimi doğudan binlerce armağan sunmaktadır; kimi batıdan hizmetine koşmaktadır.

99 بىرى شەرقتىن تۇتار مىڭ ئارمىغان[39]،
بىرى غەرپتىن تىكەر خىزمىتىگە جان.

100 Tapuğka kelip kut kapuğda-turur,
Kapuğda turuğlı tapuğda-turur.
100 Saadet hizmet için gelmiş, kapıda durur; kapıda duran kulluk için durur.

100 تۇرار بەخت ئىشىكتە خىزمەتكە كېلىپ،
قىلاي دەپ بىر خىزمەت ئۈمىتلەر قىلىپ.

101 Bu yañlığ tapuğka itindi ajun,
Yağı boynı egdi kötürdi özün.
101 Dünya kulluk için böyle hazırlandı; düşman boyun eğdi, ortadan kayboldu.

101 شۇ ياڭلىغ خىزمىتىگە تەييياردۇر جاھان،
بويۇن ئەگدى دۈشمەن، يوقالدى شۇئان.

102 Aajunda çawı bardı hakan küsi,
Körümegli közlerde kitti usı.
102 Hakanın nâmı, sânı dünyaya yayıldı; onu göremeyen gözlerin uykusu kaçtı

102 يېيىلدى جاھانغا خاقان داڭقىسى،
قېچىپ كۆرمىگەن كۆزلەرنىڭ ئۇيقۇسى.

103 Ajun inçke tegdi tüzüldi törü,
Törü birle atın kopurdı örü.
103 Dünya asayişe kavuştu ve nizam kuruldu; o adını kanunla yükseltti.

103 تۈزەلدى قانۇن ۋە تىنچلاندى جاھان،
قازاندى نام ئۈستۈن قانۇن بىرلە خان.

104 Akı sûretin kim köreyin tése
Kelip körsü hakan yüzini usa
104 Kim cömert yüzü görmek isterse, gelsin, hakanın yüzünü görsün

104 دېسە كىم ، كۆرەرمەن سېخىنىڭ ئۆزىن،
كېلىپ كۆرسۇن ئۇ ئۇشبۇ خاقان يۈزىن.

105 Cefâsız vefâlığ tilese kutun,
Yüzi kör kılınçı vefâ ol bütün.
105 Kim mes'ûd, kimseyi incitmeyen ve vefakâr birini görmek dilerse, onun yüzünü görsün; onun her işi vefadır.

105 جاپاسىز، ۋاپا، بەخت تىلەسە كىشى،
يۈزىن كۆرسۇن ئۇنىڭ، ۋاپادۇر ئىشى.

106 Asığ kolsa barça özüñ yassızın,
Berü kel tapuğ kıl köñül bér isin.
106 Zarar görmeden, kendine hep fayda sağlamak dilersen, beri gel, hizmet et, gönül ver, ısın.

106 زەرەرسىز مەنپەئەت كۆرەي دېسەڭ گەر،
يېقىن كەل، ئىشىن قىل، ئىسسىن كۆڭۈل بەر.

107 Tüzün kılkı alçak bağırsak köñül,
Köreyin tése kel munı kör amul.
107 Asîl, alçak gönüllü, şefkatli ve yumuşak huylu bir kimse görmek istersen, gel, onu gör ve gönül rahatına kavuş.

107 ئىسىل، خۇلقى كەمتەر، دىلى مېھرىۋان –
كىشى كىم؟ دېسەڭ، كەل، ئۇنى كۆر بۇئان.

108 Ay edgü kılınç aslı edgü uruğ,
Ajun kalmasunı siziñsiz kuruğ.
108 Ey iyi tabiatli ve asîl nesepli hakan, dünya senden mahrum kalmasın.

108 ئەي خۇيى گۈزەل، پاك نەسەپ، پاك ئۇرۇق،
جاھن قالمىسۇن سەندىن ھەرگىز قۇرۇق.

109 Bayat bérdi devlet ay terken kutı,
Anıñ şükri kılğu okıp miñ atı.
109 Ey devletli hükümdar, Tanrı sana saadet verdi; adını bin kere zikrederek, ona şükür lâzımdır.

109 ساڭ ھەق بەردى بەخت، ئەي ساھىپقىران،
ئوقۇپ مىڭ ئىتىنى قىل ئاڭا شۈكران.

ئۇيغۇر كىتابلىرى ئامبىرى
www.uyghurkitap.com

110 İdi kéçki söz ol meselde kelir,
Ata ornı atı oğulka kalır.
110 Çok eski bir ata-sözü vardır, babanın yeri ve adı oğula kalır.

110 تولا كونا بىر سۆز مەسەلدە كېلۇر،
ئاتا ئورنى، ئاتى ئوغۇلغا قالۇر.

111 Ata ornı kaldı atı ma bile,
Adın ma takı bolsu miñ miñ ula.
111 Babanın yeri, adı ile birlikte, sana kaldı; bunlara daha başka binlercesi eklensin.

111 ئاتاڭنىڭ ئىت، ئورنى قالدى ساڭا،
قوشۇلسۇن يەنە باشقا مىڭ ـ مىڭ ئاڭا.

112 Talu neñ tañuk tuttı miñ miñ eli,
Munu kıl tañukı kutadğu bilig.
112 Binlerce el, hediye olarak, ona çok nadide şeyler sundu; işte sen de bu Kutadgu bilig'i hediye et.

112 قىممەتلىك سوۋغات تۇتتى مىڭ ـ مىڭچە قول،
قۇتادغۇ بىلىكتۇر مېنىڭ سوۋغام ئول.

113 Olarnıñ tañukı kelir hem barır,
Meniñ bu tañuk boldı meñü kalır.
113 Onların hediyesi gelir, geçer; bu benim hediyem ise, ebedî kalır.

113 ئۇلارنىڭ سوغاتى كېتەر ھەم كېلۇر،
مېنىڭ بۇ سوغاتىم تا مەڭگۈ قالۇر.

114 Neçe térse dünyâ tüker alkınur,
Bitise kalır söz ajun tezginür.
114 Dünya malı ne kadar toplanırsa-toplansın, tükenir, bir gün biter; söz kaleme alınırsa, kalır, dünyayı dolaşır.

114 نىچە يىغسا دۇنيا تۈگەيدۇ يوقاپ،
قالۇر سوز پۈتۈلسە جاھانغا تاراپ.

115 Kitâbka bitindi bu hakan atı,
Bu at meñü kaldı ay terken kutı.
115 Bu hakan adı kitaba geçti; ey devletli hükümdar, bu ad ebedî kaldı.

115 كىتاپقا پىزىلدى بۇ خاقان ئىتى،
بۇ ئات ، ئەي ھۆكۈمدار، قالار شۇ پېتى.

116 Ya rab üste devlet tükel kıl tilek, Kamuğ işte bolğıl sen arka yöle.k
116 Ey rabbim, sen onun devletini arttır; bütün dileklerini yerine getir, her işinde arka ol, destek ol.

116 خۇدايا، ئاشۇ دەۋلەتىن، بەر تىلەك.
پۈتۈن ئىشتا بولغىن سەن ئارقا يۆلەك.

117 Sewerin esen tut yağısın kötür, Sewinçin tolu tut sakınçın kotur.
117 Onun sevdiğini esen tut, düşmanını ortadan kaldır; sevincini dâim kıl, kederini yok et.

117 ئىسەن ئەيلە دوستىن، يېغىسىن يوقات،
خوشال قىل دائىما قايغۇدىن ئازات.

118 Yağa tursu yağmur yazılsu çéçek ,
Kurımış yığaçtın salınsu küjek.
118 Yağmur yağmakta devam etsin, çiçekler açılsın; kurumuş ağaçlardan perçemler sarksın.

يېغسپ تۇرسۇن يامغۇر، چېچەك گۈللسۇن، 118
قۇرىغان دەرەختە بىخلار كۆكلسۇن.

119 Bolu bérsü ewren tuçı ewrilü ,
Kodı bolsu düşmân başı kavrılu.
119 Felek hep dönmekte devam etsin; düşmanın başı hep aşağı eğik olsun.

پەلەك چاقى تۇرسۇن دائىم ئايلىنىپ، 119
تۆۋەن بولسۇن دۈشمەن بېشى ئېگىلىپ.

120 Yyağız yér bakır bolmağınça kızıl,
Ya otta çéçek önmegince yaşıl.
120 Kara toprak kızıl bakır oluncaya kadar, âteşten yeşil çiçek çıkıncaya kadar.

قوڭۇر يەر بولمىغۇنچە مىستەك[40] قىزىل، 120
يا ئوتتا چېچەك ئۈنمىگۈچە يېشىل.

121 Tirilsüni terken kutı miñ kutun ,
Yalınsüni körmez karakı otun.
121 Devletli hükümdar bin saadet içinde yaşasın; çekemeyenlerin gözleri âteşte yansın.

بۇ ساھىپقىران كۆپ ياشاسۇن ئۇزۇن، 121
ھەسەتخور كۆزى كۆيسۇن ئوتتا پۈتۈن.

122 Takı ma negü erse ârzû tilek,
Bayat ok bolu bérsü arka yölek.
122 Daha başka ne gibi dileği var ise, Tanrı ona dâima arka ve destek olsun.

تېخى بولسا نېمە ئۈنىڭدا تىلەك ، 122
ئاڭا بولسۇن داۋام ھەق ئارقا يۆلەك.

123 Sewinçin awınçın küwençin éli ,
Aşasu yaşasunı lukmân yılı .
123 Sevinç, huzur ve güvenç içinde memlekete hâkim olsun, Lokman kadar uzun ömürlü olsun.

ھوزۇر ۋە ھالاۋەت ئىشەنچتە ئېلى، 123
ئىچىپ، يەپ، ياشاسۇن ئۇ لوقمان يىلى[41] .

بىلىم- يېنىپ تۇرغان چىراغ،
ھۈنەر- ئېقىپ تۇرغان بۇلاق.

ئۇيغۇر خەلق ماقالـ تەمسىلى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



# شۋېتسىيەدە ساقلىنىۋاتقان ئۇيغۇرلارغا دائىر ماتېرىياللار ۋە ئۇلارنىڭ بۈگۈنكى ئەھۋالى

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت (شۋېتسىيە)

تارىخى بايانلارغا ئاساسلانغاندا شۋېتسىيە ياۋروپادىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمى ئەڭ بالدۇر يەتكەن زېمىنلارنىڭ بىرى ھېساپلانسا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا ۋەتىنى بولغان تارىم بوستانلىقى، جۇڭغار ۋادىلىرىمۇ شۋېتلار ئۈچۈن ئۈچ يۈز يىللار ئىلگىرى قەدەم باسقان سىرلىق زېمىنلارنىڭ بىرىدۇر. گەرچە بۈگۈنكى شۋېت خەلقى ئۆزلىرىنىڭ يىلتىزىنىڭ قەشقەر بوستانلىقىغا باغلىنىدىغانلىقىدەك بىر رىۋايەتنىڭ بارلىقىغا ئىشەنمىسىمۇ ئەمما ئالدىنقى ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بىر تۈركۈم شۋېتسىيەلىكلەرنىڭ قەشقەر بوستانلىقىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغانلىقىدەك بىر تارىخنىڭ مەۋجۇتلىقىنى بىلىدۇ. ئۆزلىرىنىڭ باسقان ئىزلىرىدىن، ياشىغان ئۆمۈرىدىن، ئېلىپ بارغان ئىش-پائالىيەتلىرىدىن تارىخ قالدۇرۇشقا ئادەتلەنگەن شۋېت خەلقى بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇرلارغا ۋاكالىتەن قىممەتلىك ماتېرىياللارنى ئۆز قوينىدا ساقلىماقتا. تارىخ يارىتىشنى بىلىپ، ئۇنى ساقلاشنى بىلمىگەن خەلق ئۇنىڭ ئىز-دېرىكىنى قىلىشنىمۇ ئانچە خالاپ كەتمەسلىكى مۇمكىن. شۋېتلەر ئۈچۈن قىممەتلىك، ئەمما بۈگۈن بىز ئۈچۈن ئانچە قىممەتلىك تۇيۇلمىغان بۇ ماتېرىياللار كۆنلەرنىڭ بىر كۈنى تارىخىمىزنى يورۇتۇپ بېرىشتىكى بىر مەنبە بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

شۋېتسىيىدىكى ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللار ئاساسەن تۆۋەندىكى6 ئورۇنغا مەركەزلەشكەن.

## 1ـ لۇند ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسى

لۇند ئۇنىۋېرسىتېتى شۋېتسىيەنىڭ جەنۇبىدىكى ئۇتتۇرھال شەھەر لۇندقا جايلاشقان بولۇپ، گوستاۋ راكۇيېت، گۇننار ياررىڭ قاتارلىق ئۇيغۇرشۇناسلار بۇ يەردە ئوقۇغان ۋە خىزمەت قىلغانلىقى بىلەن مەشھۇردۇر. ھازىر بۇ ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ يەر ئاستى كۇتۇپخانىسىدا "گۇننار ياررىڭ ساقلانمىلىرى" نامىدا 560 پارچە قول يازما ماتېرىيال ساقلانماقتا. بۇ ماتېرىياللارنى گۇننار ياررىڭ قەشقەردە تۇرغان مەزگىلدە ئۇيغۇرلارنىڭ قوللىرىدىن ناھايىتى ئەرزان باھادا سېتىۋالغان ۋە كېرەكسىز گېزىت پارچىلىرىغا ئىگىشىۋالغان. بۇ ماتېرىياللار ئۇيغۇر، ئەرەپ، پارىس تىللىرىدا يېزىلغان بولۇپ، ئەڭ بالدۇرى 16ـ ئەسىرگە ئائىت بولسا كېيىنكىسى 19ـ ئەسىرلەرگە ئائىتتۇر.

بۇ قول يازمىلارنى مەزمۇن جەھەتتىن ئىنچىكە تارماق تۈرلەر بويىچە ئىپادىلەش قىيىن بولسىمۇ، ئەمما چوڭ جەھەتتىن تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە تۈرلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. 1ـ رىسالە تىپىدىكى قول يازمىلار،2ـ تەزكىرىلەر،3ـ ھېكايەتلەر، 4ـ دىنىي تۈس ئالغان ھەر خىل پۈتۈك، دۇئا، قىسسە ۋە قوللانمىلار، 5ـ تارىخى ئەسەرلەر، 6ـ شېئىر، غەزەللەر، 7ـ ئەدەبىي ئەسەرلەر، 8ـ باشقا ھەر خىل تىمىدىكى ئەسەرلەر.

بۇ قول يازمىلارنىڭ تەپسىلىي تىزىملىكى لۇند ئۇنىۋېرسىتېتى تور بېكىتىنىڭ "گۇننار ياررىڭ ساقلانمىلىرى" نامىدىكى تور بېتىگە تەپسىلىي قويۇلغان بولۇپ، ھەممە قول يازمىلارنىڭ مۇقاۋىسى ۋە بىرىنچى بېتىنىڭ فوتوكوپىيىسىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

## 2ـ ستوكھولم ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسى

ستوكھولم ئۇنىۋېرسىتېتى ستوكھولۇم شەھرىنىڭ شەرق تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، شۋېتسىيەدىكى داڭلىق ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ بىر ھېساپلىنىدۇ.

گۇننار ياررىڭ ئۆمۈرىنىڭ ئاخىرىدا ئۆزى ئۆمۈر بويى يىغىپ، ساقلىغان ئىككى مىڭ پارچىدىن

* ئاپتورنىڭ «ئانامنىڭ ئەسلىمىلىرى» ناملىق كىتابىدىن ئېلىندى.

ئارتۇق ئۇيغۇرچە كىتاب، گېزىت، ژۇرنال ۋە باشقا ماتېرىياللارنى ستوكھولم ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات مەركىزىگە ھەدىيە قىلىنغان بولۇپ، بۇ ماتېرىياللار مەكتەپ كۇتۇپخانىسىغا قويۇلماي، ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات مەركىزى جايلاشقان بىنانىڭ ئاستىدىكى بىر ئۆيگە تىزىپ قويۇلغان. مەن 2005 ـ يىلى ۋە 2007 ـ يىلى بۇ ماتېرىياللارنى ئىككى قېتىم كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولغان ئىدىم. بىراق ھازىر ستوكھولم ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات مەركىزى تاقىۋېتىلگەنلىكى ئۈچۈن، ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات مەركىزىگە مەسئۇل تەتقىقاتچى بىرگىت خانىم ھازىر ئىستانبۇلدىكى ئىستانبۇل ئىنستىتۇتىغا خىزمەتكە چۈشۈپ، بۇ ماتېرىياللارنىڭ ھەممىسىنى ئىستانبۇلغا يۆتكەپ ئەكەتتى. مەن بۇ يەردە پولات قادىرنىڭ «ئۆلكە تارىخى» نامدىكى تارىخى كىتابىنى، 1933 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «ئىستىقلال گېزىتى»نىڭ تۇنجى سانىنى، شىڭشىسەي ئۈرۈمچىدە ئاچقان ھەربىي مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلار قائىدىسى ۋە تۈرمە باشقۇرۇش بەلگىلىمىلىرىنى كۆرگەن ئىدىم.

## 3 ـ دۆلەتلىك ئارخىپخانا

شىۋېتسىيە ھۆكۈمەت ئارخىپخانىسى ستوكھولمنىڭ شەھەر مەركىزىگە جايلاشقان نوپۇزلۇق ئارخىپخانىلارنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ يەردە ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك بىر قىسىم قىممەتلىك تارىخىي رەسىملەر، ھەرخىل ماتېرىياللار، سىن لېنتىلىرى ۋە ئۈن لېنتىلىرى ساقلانماقتا. ئارخىپخانىنىڭ ماتېرىياللار تىزىملىكىگە شەرقىي تۈركىستان نامىدا بىر تۈر ئېچىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا 159 قاپ ماتېرىيالنىڭ تىزىملىكى بېرىلگەن. ھازىر تورلاردا كۆپ ئۇچرايدىغان ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك تارىخىي رەسىملەرنىڭ كۆپىنچىسى ئاشۇ ئارخىپخانىدا ساقلانغان رەسىملەردىن كەلگەن. بۇ يەردە ساقلىنىۋاتقان ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك سىن لېنتىلىرى ئەنگىيەلىك جامىس ئەپەندىنىڭ بىرلىكتە ھەمكارلىششى بىلەن «شىنجاڭ ۋىدىئو پروجېكتى» نامىدا تەييارلىنىپ، تور يۈزىدە كۆرەرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشتى. جامىس ئەپەندىنىڭ كېيىنكى قېتىملىق شىۋېتسىيە سەپىرىدە بۇ ئارخىپخانىدا ساقلىنىۋاتقان ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك ئۈن لېنتىلىرىنى ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈش مەقسىتىدە ئېلىپ كەتكەن ئىدى، بەلكىم ئۇلارمۇ ھازىر تور يۈزىدە ئېلان قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن.

## 4 ـ ئېتنوگرافىيە مۇزېيى

ئېتنوگرافىيە مۇزېيى ستوكھولمنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان داڭلىق مۇزېيلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنىڭدا ھەرخىل مىللەتلەرنىڭ تارىخى، مەدەنىيەت، ئەنئەنىسى ۋە ياشاش شەكلىگە مۇناسىۋەتلىك ئاسارە ـ ئەتىقىلەر كۆرگەزمىگە قويۇلغان. مۇزېيدا شىۋېتسىيەلىك ئېكسپېدىتسىيىچى سۋېن ھېدىن ئۈچۈن مەخسۇس بىر بۆلۈم ئاجرىتىلغان بولۇپ، بۇ بۆلۈمگە سۋېن ھېدىن تارىم ئويمانلىقىدىن، تەكلىماكان قۇملۇقلىرىدىن، قەشقەر، خوتەن، چەرچەن، چارقىلىق بوستانلىقلىرىدىن بايقىغان ۋە قېزىۋالغان ئاسارە ـ ئەتىقە بايلىقلىرىدىن ئۆرنەكلەر قويۇلغان. بۇ يەردە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجداتلىرى ياسىغان ساپال قاچىلارنى، توغراقتىن ياسىغان ياغاچ ئويمىلارنى ۋە قەدىمىي رەخ پارچىلىرىنى ئۇچرىتىشقا بولىدۇ.

## 5 ـ شىۋېتسىيە مىسسىيونېرلار ئارخىپخانىسى

شىۋېتسىيە مىسسىيونېرلار ئارخىپخانىسى ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك زور مىقتاردىكى ماتېرىياللار ساقلىنىۋاتقان يەنە بىر ئارخىپخانا بولۇپ، بۇ يەردىكى ماتېرىياللار ئۇزاق يىللاردىن بېرى رەتلەنمەي تاشلىنىپ قالغانلىقى ئۈچۈن كىشىلەرنىڭ بىلىش دائىرىسىدىن چەتتە قالغان. دوكتور ئەسەت سۇلايمان 2004 ـ يىلى بۇ يەرنى زىيارەت قىلغان تۇنجى ئۇيغۇر زىيالىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇيغۇر جامائىتىگە ئاشكارىلىغاندىن كېيىن بۇ يەرنى زىيارەت قىلىدىغان ۋە بۇ يەرگە قىزىقىدىغانلارنىڭ سانى بارغانچە كۆپەيمەكتە. بۇ يەردە ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان بىر قىسىم قول يازمىلار، ئالدىنقى ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قەشقەر باسمىخانىسىدا بېسىلغان ھەر خىل كىتابلار ۋە باشقا بۇيۇملار بولغاندىن سىرت ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك يەنە بىر تۈركۈم رەسىملەر ساقلانماقتا. ئارخىپخانا ئۇچۇرلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ئارخىپخانا بۇ يىل 1 ـ ئايدىن باشلاپ بۇ ماتېرىياللارنى رەتلەش، تىزىملاش ۋە كومپيۇتېرغا ئېلىش خىزمىتىنى باشلىغان بولۇپ، ئارخىپخانا ئامبىرىدا پىلىونكا لېنتىدا ساقلىنىۋاتقان يەنە بىر تۈركۈم ئاشكارىلانمىغان يىڭى رەسىملەر كومپيۇتېرلاشتۇرۇلغان ۋە قەغەز يۈزىگە چۈشۈرۈلگەن. ئەمما ئارخىپخانىنى كۆچۈرۈش سەۋەبىدىن ئارخىپخانىدىكى بىر قىسىم ماتېرىياللارنى ھۆكۈمەت ئارخىپخانىسىغا تاپشۇرۇۋېتىكەن.

## 6 ـ شىۋېتسىيە مۇزىكا ئارخىپخانىسى

شىۋېتسىيە مۇزىكا ئارخىپخانىسى شىۋېتسىيەدىكى ئەڭ ئاساسلىق مۇزىكا ئارخىپخانىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ يەرگە ئۇيغۇر سەنئەتكارى كۇرەش سۇلتان كۆسەننىڭ يىغىپ ساقلىغان ماتېرىياللىرى، قول يازمىلىرى ، شەخسىي خەت ـ چەكلىرى، مۇزىكا ئەسەرلىرى، سەنئەت بۇيۇملىرى ۋە مۇزىكا ئەسۋاپلىرى قويۇلغان. كۇرەش كۆسەنگە مۇناسىۋەتلىك بارلىق ئۇچۇرلار ئارخىپخانىنىڭ كومپيۇتېرىغا كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، كۇرەش كۆسەن توغرىلىق ئۇچۇر ئىزدىگۈچىلەر ئۇ يەردىن بىمالال تاپالايدۇ. كۇرەش سۇلتاننىڭ "ئەركەك سۇ" نامدىكى ناخشا لېنتىسى شىۋېتسىيەدىكى خەلق مۇزىكىلىرىنى باھالاشتا 2011 ـ يىلدىكى ئەڭ نادىر ئۈن لېنتىسىنىڭ ئىككىنچىسى بولۇپ باھالاندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# گۇملىقلارنىڭ بىر قىسىم تۇرمۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئادەتلىرى

گۇننار ياررىڭ (شۋېتسىيە)

*ئەسەرنىڭ ئەسلىگە ھۆرمەت قىلىنغان ھالدا، ئەسلى ترانسكرىپسىيە تەرجىمىسى بېرىلدى.*

1

ئۆلتۈرگەن قوينىڭ بىجەكىنىڭ تۆپىدىكى يەللىنى پىستان دەيدۇ. ئەمما قوي بوغاز بولاپ 5-6 ئايلىق بولغاندا قوينىڭ يەللىسى پەيدا بولاپتۇ، تۇغۇتقان ۋاقتى يېقىلىشىپتۇ دەيدۇ.

ناۋايلار توغراپ بۇ قوينىڭ پىستاندا گۆشت گىردە ياقىدۇ. كالا بوغاز بولاپ قالسا يا موزاي چوڭۇپ قالسا كالانىڭ سۇتى تىرىلىپ كېتىدۇ. كالا بۇقا تىلەپ قاپتۇ، بۇقا كالانى ئاشتى يا ئاشالمىدى دەيدۇ. ئەگەر كالانى بۇقا ئاشسە، كالا بۇقادىن چىقىپتۇ دەيمىز، ئەگەر ئاشالمىسا كالا بۇقادىن چىقماپتۇ دەيمىز.

ئايغىر بايتالنى چاپتى دەيمىز يا چاپالمىدى. ئەگەر ئايغىر بايتالنى چاپسە، بايتال بوغاز بولاپتۇ، چاپالمىسە، بايتال تۇتۇلماپتۇ دەيمىز.

قوشقار قوينى قوغلادى يا قوغلىيالمىدى دەيمىز. ئەگەر قوينى قوشقار قوغلىغان بولسا، قوي قوشقاردىن چىقىپتۇ، يا بوغاز بولاپتۇ دەيمىز، قوغلىيالمىسا، قوي تېخى قوشقاردىن چىقماپتۇ، يا بوغاز بولماپتۇ دەيمىز.

ئىشەك ھاڭگى تىلەپ قاپتۇ، ئىشەكنى ھاڭگى چاپتى دەيمىز. ئىت قانجىق قۇسۇپتۇ دەيمىز. قانجىق ئىتنىڭ كەينىدىن سەككىز ئون ئىت ئەرگىشىپ سەككىز ئون كۈن يۈرىدۇ. سەككىز ئون كۈندىن كېيىن قانجۇق قۇسۇپ بولاپتۇ دەيمىز. قانجىق بىلەن ئىت ئىلىشىپ قاپتۇ دەيمىز. مۈشۈك ما ۋولاپتۇ دەيمىز.

بىر ھېكايە بار، مۈشۈك ئىلىشقاننى كۆرگەن ئادەم، سەيىغ ئوتنىڭ يىلتىزىنى تاپقان ئادەم پادىشا بولۇتمىش دەيتكەن بى گەپ با. توخانى خوراز باستى، كەپتەمۇ باستى دەيمىز.

## 2 - ئالتە شەھەردە ئۆي ئېتىشنىڭ بايانى

ئەۋۋەل ئۆي ئېتۇدۇغان يەرنى بايلەر چاڭدېتىپ جاي ئاچچىلەرنى قىچقىرىپ ئەپكېلىدۇ. جاي ئاچچىلەر يەرنى چىزىلەپ (ئۆلچەپ)باقىپ «باي، بۇ يەرگە بىر يۈيۈشلۈك ئايۋان سەراي ئاشخانە، قازناق سىغىدۇ. ئا بۇجەككە ئىستىبراخانە سالىمىز، دەرۋازىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە بىر پېشايۋان بىلەن بىر دەھلىزلىك قوش مېھمانخانە سالساق ياخشى بولەدۇ» دەيدۇ.

باي دەيتكى: «مېنىڭ خىيالىمدا مېھمانخانىنى تاشقىرىغا سالماقچى ئىدىم، بۇنىڭ ئىچىگە مېھمانخانىنى سالساق بەك تارچۇق بوپ قالىدۇ».

جاي ئاچچى دەيتكى: «يوقسۇ باي، مەن بولمايتقان ئىشنى ھەرگىز ئۆزلىرگە دېمەيمەن. تەخى قازناقنىڭ تۆپىسىگە بىر بالاخانە قىلىمىز. ھەرگىز قوقمىسىلا، بىر ئاختاخانە ھەم پۇتىدۇ» دېگەنكىن «ئەمىسە ياغاچ كەسسە!»، يول تەيەپتىكى يەغاچتىن ئوتتۇز يەتتە سوقۇما چىقارسىلا، ئاندىن باينىڭ بۇلۇڭدىكى ياغاچتىن قىرىق ئۈچ تال جايگە چىقىدۇ. ژىگىمە سەككىز تال سىنجە چىقارمىكى توققۇز يۈز ئەللەك تال ۋاسادىن. بىر يېرىم يىلچە بولدى تەييار قىلدۇرۇپ قويغانتىم. ئۆيىنىڭ ئۇلىنى تۇزلەپ قويدىڭلىمۇ بالا؟ ئانداغ بوسا بەشمىڭ پىشقىش، يەتمىشمىڭ خامقىش يېتەرمۇ؟»، «يەتمەس، پىشقىشتىن ئون ئىككى مىڭ پىشۇرۇپ بەسۇن»، «سەراي ئۆينى ۋاساجۇپ قىپ بەسلە، ئاشخانا بىلەن قازناقنى ۋاسا دەميان قىپ بەسلە، لېكىن ئۇستام بەك مەزمۇت بوسۇن!، سوقۇمىنىڭ ئاستىغا يوغان تاش قويىمىز، بولمىسا ئۇلتۇرۇشۇپ كېتىدۇ».

«ئۆينى چىتلايمىز. سوۋاقچى بارات ئاخۇنغا دەپ قوياڭ، يېنىچىگە سوۋاقنى تىك گەج قىلىمىز. پاتياق ئۆينى پۈتكۈزلى، مەن پۇلنى جىك بېرىمەن، سىلە ھەم جىق كۈچ چىقىرىڭلە».

باي بۇ گەپنى قىلغاندىن، ئۇلار كېيىن شۇنداق ئىتتىك ئىش قىلا-قىلا مۇز تۇتۇشقا يېقىن ئۆي پۈتۈپ بولدى.

بۇ ئۇستاملار، ئىشلەمچىلەر «ۋاي ھاجىم، ئەمدى ئۆزلىرىنى ئۆيلىيگە كۆچىيەپ ئەپچىرىپ قوياپ ئاندىنكىن كېتىمىز» دەيدۇ. ئاندىن ئۆينى سۈپۈيۈپ، سۇ سېپىپ، زىلچە گىلەم كىگىز كېچەك، چىنە چەينەك، كۆپە كېچەك، تەخسە پەخسەلەرنى ئۆيگە ئەپچىپ، يامچاقتىكى گۈللەرنى يەرلەردە قوياپ قاتا-قاتا

تۇردىلە. بايمۇ ئۇلارنىڭ قىلغىنىغا خوش بولاپ ئالدىغا ژىگىمە سەر، كەينىگە ئون سەرگىچە سىمكاردىن باشقا پۇل ئىئام قىلىدۇ.

## 3 - بىر قىسىم بالىلار ئويۇنلىرى: ئودا كاتەك

ئودا كاتەك دەپ كىچىك بالىلەرنىڭ ئويناتقان ئويانلىرى بار. يەتە سەكىز بالا قولىغا نىردىن كالتەكنى ئالىپ ھەر بىرى بىردىن كاتەككە كالتەكنى تىقىپ تۇرەدۇ. ئاندىنكىن بۆلەك بىر بالا قولىغە بىر توپنى ئالىپ نەياقتىن ئودە كەتەككە ئاتەدۇ. توپ ئودا كاتەككە كىسە بالالەر ھەر بىرى ئۆزىنىڭ ئورنىدىن يۆتكۈلۈپ يەنە بىر كاتەككە كالتەكنى ئىتتىك تىقىۋالەدۇ. ئەگەر كالتەكنى تىقىۋالاماسا، كالتەكنى كاتەككە تىقىۋالالمىغان بالا توپنى ئالىپ ئۇ يەنە توپنى ئودە كاتەككە ئاتەدۇ. ئودە كاتەكنىڭ چۆگۈسىدەكى بالا قولىدەكى كالتەك بىلەن توپنى كاتەككە كىرگۈزمەي كالتەك بىلەن ئۇرۇپ ياندۇرۇپ ئاتەدۇ. ئۇ بالا نەچچە مەررە توپنى ئودە كاتەككە كىرگۈزەلمەي توپ ئاتىپ قىينالەدۇ.

## 4 - گۈل تۇتتۇق

گۈل تۇتتۇق ئويانىدا سەكىز ئون بالا بىر تال گۈلنى يا باشقا بىر نەرسەگە گۈل ئات قوياپ، بىسى گۈلنى قولىغە ئالىپ يەنە بىرىگە گۈل تۇتۇڭ دەپ قولىدەكى گۈلنى بېيتتۇ.

ئۇ بالا قولىغە گۈلنى ئالىپ، «بۇ گۈلنىڭ ئاتى نىمە؟» دەپ سورايتتۇ. گۈل تۇتۇپ بەرگەن بالا «بۇ گۈلنىڭ ئاتى ئەنبەرگۈل» دەيتتۇ. يەنە بىرىگە تۇتۇپ بېرىتۇ. گۈلنى قولىغە ئالىپ «گۈلنىڭ ئاتى نىمە؟» دەيتتۇ. «گۈلنىڭ ئاتى قىزىل گۈل» دەيتتۇ. يەنە بىرى يەنە بىرىگە تۇتۇپ بېرىتۇ. گۈلنى قولىغە ئالىپ، «گۈلنىڭ ئاتى نىمە؟» دەپ سورايتتۇ. ھاسىل كالام شۇ تەرىقىدە ئويناپ، شۇ ئويانىنىڭ ئاخىرىدە ئېيدى بالدى دېگەن

www.uyghurkitap.com

گۆلنىڭ ئىچىنى بىرى دەپ قالسا، «ھە بولدى، بولدى» دەپ ئۇ بالىنى «توشقان تەپتە قىلىڭلار» دەپ ئويياندەكى بالالەرنىڭ چوڭى بۇرۇيدۇ. بىر بالا قوپاپ نەش مەرره توشقان تەپتە قىلەدۇ. يەنە بىرى ئېزىقىپ كەتسە سۇرەتىنى تامغا تارتىڭلەر دەپ بۇرۇيدۇ. بىرى ئاغىزغە سۇ ئالىپ ئېزىقىپ كەتكەن بالەنى يالاڭغىلاپ، تامغا كەينىنى قىلىپ تۇرغۇزۇپ، سۇ پۈركەيدۇ. تامغا سۇرەتىنى تارتقان بالەنىڭ سۇرەتى تامغا تۇشەدۇ.







198 Gunnar Jarring

No. 7. The interior of a water-mill.

Materials to the Knowledge of Eastern Turki 199

No. 9. Shearing a sheep.

گۇمدا تارتىلغان سۇرەتلەر

زۇلھايات ئۆتكۈر تەييارلىغان (شىۋېتسىيە)

# ئىككى شېئىر

پەرىدە نىياز (گېرمانىيە)

## بۇ دەردىمنى ئاڭلىغان بارمۇ؟

ئاتمىدى تاڭ ئېتىلدى تاشلار،
ئاتا بولماي كېسىلسە باشلار،
ئاتنى مىنگەن قېنى شۇ ياشلار؟
بۇ دەردىمنى ئاڭلىغان بارمۇ؟

ئەلنى سۆيگەن ئەلگە قانمىدى،
ئەل تاپقىنى ئەلدە قالمىدى،
ئەر چىرىقى ئەلدە يانمىدى،
بۇ دەردىمنى ئاڭلىغان بارمۇ؟

بوۋاق يىغلار سۈتسىز ئاچ قېلىپ،
بوۋاي ئىڭرار سۇسىز بىر غېرىپ.
باغ هويلىلار بۇلاندى بۇلىنىپ،
بۇ دەردىمنى ئاڭلىغان بارمۇ؟

بېلىقلارنى ئايرىپ سۈيىدىن،
باغۇەنلەرنى تىزـ قىرىدىن.
بىلىملىكنى ھەتتا جىنىدىن،
بۇ دەردىمنى ئاڭلىغان بارمۇ؟

كۈنلەر ئۆتەر دەردۇـ غەم بىلەن،
كۆڭۈل زىدە تولماس كەم بىلەن.
بىزمۇ ئىنسان ئوخشاش سەن بىلەن،
بۇ دەردىمنى ئاڭلىغان بارمۇ؟

## ۋىسال

لىۋىدىن شەربەت قېتىپ جام بىلەن سۇندى جانان،
ھۆسنىگە باقتىم كۈلۈپ" كەلدى" دەپ كۈتكەن زامان،
بەردىمۇ دورا ئىلاج لەيلىتەر كۆكتە شۇئان،
تۈرنىدەك ئۇچتۇم سامادا قالدۇرۇپ يەردە پىغان.

كۆزلىرى سۈزۈك بۇلاق باقمەن تويماي قاراپ،
ھۆسنى گۈل نازۇك چىمەننىڭ ئىشقىدا بولغاچ كاۋاپ،
ۋەسلىگە يەتمەك جانانىنىڭ مۈشكۈلى جەبرى ئازاپ.
تۈن ئۇلاپ تاڭلارغا يەتتىم كەلمىدى بىر خۇش جاۋاب.

كاككۇكى نالەسىدىن زەينىپىم تاپتى خەۋەر،
ئاشىنا بولغان كۆڭۈل ساھىبى كۈتكەن مەھەل.
نازىنىم كەلدى سەھەر مەن گويا قۇشتۇم زەپەر،
ئاتلىنىپ مەنزىلگە داغدام باغلىدىم مەھكەم كەمەر.

بۇ كۆڭۈل ۋىسالغا يەتتى ھەر تەرەپ خۇشبۇي ئىپار،
سۆيگىمىز ئاچتى چېچەك تا ئەبەت گۈللەپ ياشار،
مەدھىيە ياڭراتتى بۇلبۇل كۈيىگە مۇڭلار قاتار،
كەڭ جاھان چۈشتى ساماغا ئوت قۇياش نۇرلار چاچار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئەي خەلقىم!

جىبران خەلىل جىبران (لىۋان)

ئەي خەلقىم! سىلەر مەندىن زادى نېمە كۈتىۋاتىسىلەر؟
قۇرۇق ۋەدىلەردىن يالغان سۆزلەر بىلەن بىزەلگەن سارايلارنى ۋە شېرىن چۈشلەر بىلەن قوپۇرۇلغان ھەيكەللەرنى ياساپ بېرىشىمنى كۈتىۋاتامسىلار؟
ياكى كاززاپ يالغانچىلار قۇرغان بىنالارنى بىر چېت قىلىشىمنى، رىياخور پەسكەشلەر قوپارغان تاملارنى ئۆرۈۋېتىشىمنى كۈتىۋاتامسىلەر ؟
ئەي خەلقىم! سىلەرگە زادى نېمە قىلىپ بېرەي؟
يۇرتۇڭلاردا كەپتەردەك ئۇنلەيمۇ ياكى ئۆز ۋەتىنىمدە شىردەك ھۆۋلايمۇ؟
سىلەرگە ناخشا ئېيتىپ بەردىم، لېكىن سىلەر ناخشامغا جۆر بولۇپ ئۇسسۇلغا چۈشمىدىڭلار!
ئالدىڭلاردا يىغلاپ بەردىم لېكىن سىلەر يىغلىمىدىڭلار!
بىرلا ۋاقىتتا ھەم كۈلۈپ ھەم يىغلاپ بېرىشىمنى كۈتىۋاتامسىلەر؟
روھىڭلار ئېچىرقاپ كېتىۋاتىدۇ...
مەرىپەت ئوزۇقلىرى سايىنىڭ تېشىدىنمۇ كۆپ تۇرۇپتۇ لېكىن سىلەر ھېچنەرسە يېمەيۋاتىسىلەر.
قەلبىڭلار تەشنالىقتا...
ھاياتلىق بۇلىقى ساقىينىڭ قۇلىدىكى مەيدەك ئۆيۈڭلار ئەتراپىدا ئايلىنىپ ئېقىۋاتىدۇ.
نېمشقا بىر يۇتۇم بولسىمۇ ئىچمەيسىلەر؟
دېڭىز سۈيى ئازىيىدۇ كۆپىيىدۇ.
ئاي كەمىيىدۇ، تولىدۇ.
زاماننىڭ يېزى بولىدۇ. قىشى بولىدۇ...
لېكىن ھەقىقەت ئۆزگەرمەيدۇ، يوقالمايدۇ، سۇنمايدۇ.
نېمشقا ھەقىقەتنىڭ يۈزىنى سەتلەشتۈرمەكچى بولىسىلەر؟
تۈلۈن ئاينىڭ جامالىنى، يۇلتۇزلارنىڭ ھەيۋىتىنى كۆرستەي دەپ تۈن نىسپىدە چاقىرسام ئورنۇڭلاردىن ھولۇققان ھالدا تۇرۇپ، قىلىچىڭلارنى سۇغۇرۇپ، نەيزەڭلەرنى كۆتۈرۈپ: بىز ئېلىشىدىغان دۈشمەن قېنى دەپ جار سېلىۋاتىسىلەر.
تاڭ سەھەردە دۈشمەن ئاتلىق ۋە پىيادە لەشكەرلىرى بىلەن كىرگەندە سىلەرنى چاقىردىم، لېكىن سىلەر ئۇيقۇڭلاردىن ئويغانماي شېرىن چۈش دېڭىزىغا غەرق بولۇۋاتىسىلار.
دۇنيانىڭ باشقا مەملىكەتلىرىنى كۆرستىپ قويىاي دەپ تاغ چوققىسىغا چىقايلى دېسەم سىلەر: ئاتا ـ ئەجدادلىرىمىز مۇشۇ جايدا ياشاپ، مۇشۇ جايدا ئۆلۈپ يەنە مۇشۇ جايغا دەپنە قىلىنغان تۇرسا بىز ئۇلارنى تاشلاپ ئۇلار بارمىغان يەرگە بارامدۇق دېدىڭلار.
تۈزلەڭلەرنى سەيلى قىلايلى، زېمىننىڭ ئالتۇن ـ كۈمۈش خەزىنىلىرىنى كۆرستەي دېسەم سىلەر: ئۇ يەردە قاراقچىلار يوشۇرنۇپ تۇرىدۇ، دەپ جاۋاپ بەردىڭلار.
دېڭىز، بايلىقلىرىنى تاشلاپ قويغان قىرغاقلارغا بارايلى دېسەم سىلەر: دېڭىز شاۋقۇنى روھمىزنى قورقۇتسا دولقۇنى تېنىمىزنى شۈركەندۈرىدىكەن دېدىڭلار.
ئەي خەلقىم مەن سىلەرنى سۆيەتتىم، لېكىن سۆيگۈم ماڭا زىيان ئېلىپ كەلدى. سىلەرگە بولسا ھېچبىر پايدا يەتكۈزەلمىدى...
ئاجىزلىقىڭلارغا ھېسداشلىق قىلغان ئىدىم، ئەكسىچە ھېسداشلىقىم ئاجىزلارنى كۆپەيتىۋەتتى.
بىخۇدلارنىڭ سانىنى ئاشۇرۋەتتى.
ھاياتىڭلارغا بولسا ھېچقانداق ئۆزگەرتىش ئېلىپ كېلەلمىدى...
خارلىقىڭلارغا، بوشاڭلىقىڭلارغا يىغلىغان ئىدىم، ياشلىرىم گۆھەردەك ساپ ئىدى. بىراق يېشىم قاسماق كىرلىرىڭلارنى يۇيالمىدى ئەكسىچە مېنى كۆز قارچۇقىمدىن ئايرىدى.
ئەي خەلقىم سىلەر مەندىن زادى نېمە كۈتىۋاتىسىلەر؟
تېنچ سۇ يۈزىدە چىرايىڭلارنىڭ شولىسىنى كۆرستىپ قويۇشىمنى كۈتىۋاتامسىلەر؟
بۇياققا كېلىڭلار، ئويلىنىپ بېقىڭلار!
قورقۇنچ بېشىڭلارنىڭ تۈكىنى قومدەك قىلىۋەتتى.

بىدارلىق كۆزۈڭلارنى كور قىلدى. كۆزۈڭلار بەئەينى قاراڭغۇ ئۆڭكۈرگە ئوخشاپ قالدى.
قورقۇنچاقلار مەڭزىڭلارنى سىلاپ قويغان ئىدى مەڭزىڭلار كامارغا ئوخشاپ قالدى.
ئۆلۈم لېۋىڭلارغا سۆيۈپ قويغان ئىدى لېۋىڭلار كۆزنىڭ ياپرىقىدەك سارغىيىپ كەتتى.
ھاياتلىق ـ ياشلىقتا ھەمراھ ئىرادە.
ھاياتلىق ـ قىرانلىقتا دوست تىرىشچانلىق.
ھاياتلىق ـ قېرىلىقتا تەۋە ھېكمەت.
بىراق خەلقىم سىلەر قېرى، ئاجىز تۇغۇلۇپ قالدىڭلار.
ئىنسانىيەت تاغ سىرلىرىنى دېڭىزلارغا تۆكىدىغان، رېتىملىق ھالدا ئېتىلىپ ئېقىۋاتقان گۆھەر دەريا.
ئەمما سىلەر ئەي خەلقىم ـ شامال قار ئۈستىگە چېچىۋاتقان قۇم دانچىلىرى.

ئەرەبچىدىن ئۇيغۇرۇللاھ تەرجىمىسى

# ئانامدىن ئالغان دەرسلەر

رۇپى كائۇر (كانادا)

ئاڭلاش ھەققىدە بولۇنغاندا سۆز،
ئانام ئۆگەتتى تىمتاس تۇرۇشنى.
ئۇنۇڭ باسسا گەر ئاۋازلىرىنى،
قانداق ئاڭلايسەن ئۇلارنى، دېدى.

سۆزلەش ھەققىدە توختالغاندا ئۇ،
چىنلىقتا مەھكەم تۇر دېدى ھەر رەت.
ئاغزىڭدىن چىققان ھەر بىر ئېغىز سۆز،
مەسئۇلىيىتىڭ ئۆزۈڭنىڭ پەقەت.

ئادەم بولۇشتىن سۆز ئېچىلغاندا،
بول دېدى پاختا، تۆمۈر تەك ئاندا.
يۇمشاقلىق لازىم قېنىپ ياشاشقا،
قاتتىقلىقمۇ ھەم، غالىپ چىقىشقا.

تاللاش ھەققىگە كەلگەندە نۆۋەت،
مىننەتدار بولۇپ، قىل دېدى پەرۋاز.
بۇنچە پۈرسەتلەر، ماڭا سۇنۇلغان،
ھېچ ھەم بولمىغاچ، ئۇڭا ئىمتىياز.

ئېنگلىزچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى:
دىلدۇز تىلمان (ئامېرىكا)

تەمنى بىلەي دېسەڭ تېتىپ كۆر،
ئىشنى بىلەي دېسەڭ ئىتىپ كۆر.

ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىلى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# رۇبائىيلار

مۇھەممەدئىمىن ھاجىم

قارىما ھاياتقا ئۈمىدسىز، خامۇش،
قىسمەتلەر كەلسىمۇ ساڭا قوشمۇ قوش.
سەن مېھمان دۇنياغا، قىسمەت ھەم شۇنداق ،
يوق ھېچۋاق مېھماندا مەڭگۈلۈك قونۇش .

بۇ دۇنيا بىر دېڭىز، ئائىلە كېمە ،
كېمىگە چىقمايلا ياشىدىم دېمە .
سەن ئۇندا كېمىچى، قولۇڭدا پالاق،
بىلەمسەن ئۇنداقتا ۋەزىپەڭ نېمە؟!

بۇ ھايات كېلىدۇ پەقەت بىر نۆۋەت ،
قەدىرلە ھاياتنى، كۆرسەتكىن ھىممەت.
كەتكەندە دۇنيادىن يادلىناي دېسەڭ ،
ئىز قالدۇر ھاياتتا، ئەلنى خۇرسەن ئەت .

گەر بولسا قولۇڭدا بىرەر تال ئۇرۇق ،
تىك ئۇنى، دۇنيادىن كەتمىگىن قۇرۇق .
ئىشلىگەن چىشلەيدۇ ، ھەقىقەتقۇ بۇ ؟!
شۇنداقلا ئەل ئىچرە بولار يۈز يورۇق .

ئويلىغىن، كەلدى ھەم كەتتى كۆپ كارۋان ،
تاپمىدى ھېچبىرى مەڭگۈلۈك دەرمان.
ھەرۋاقىت ئۇچقاندا چۈشۈشنى ئويلا،
سېنىڭكى رايىڭغا باقماس بۇ دەۋران.

كىبىرلىمە! ئېلىڭگە بەرمەيلا ھېچ نەپ،
ئۆتمىسۇن بۇ ئۆمۈر سۇ ئىچىپ، نان يەپ .
ھاياتتىن ئىزسىزلا كەتسەڭ مۇبادا،
جىنازاڭ ئالدىدا خەلق تۇزمەس سەپ.

بۇ دۇنيا بىز ئۈچۈن قونالغۇ پەقەت،
كىم دەيدۇ: ياشايمەن ئەبەدىي ئەبەد ؟!

ئەگەر سەن مەڭگۈلۈك ھايات ئىزدىسەڭ،
سايە بەر خەلققە كۆڭلىنى شاد ئەت.

ئادەمسەن دۇنيادا ئادەمدەك ياشا،
ئەجرىڭدىن چۆللەردە بوستانلار ياسا،
ھاياتىڭ قورساقنىڭ غېمىلا بولسا،
بولىسەن بەئەينى قەدىرسىز پاشا.

ئىنسان ئۇ، ياخشىلىق، ئېھسانىنىڭ قولى،
خەلقىڭگە بول چاكار، پۈتى ھەم قولى.
خەلقنىڭ ئوتىدا كۆيگىن ھەر لەھزە،
بىلسەڭ شۇ ھەقىقىي ياشاشنىڭ يولى.

يەتكۈزمە ھېچقاچان ئۆزگىگە ئازار،
بىلگىن، دىلئازاردىن خۇدامۇ بىزار.
ئاۋامنىڭ نەزرىدىن چۈشسەڭ شۇ سەۋەپ،
سولىشىپ گۈللىرىڭ، ئېچىلماي توزار.

نە ھاجەت ئۆزگىگە خوش ـ خوش ئەتمىكىڭ،
خوش ـ خوشتىن كېلەمدۇ قۇتقا يەتمىكىڭ.
بەل رۇسلاپ ماڭالماي ، ياشاپ يۈرگىچە،
خوپراققۇ دۇنيادىن بەدەر كەتمىكىڭ.

قەسىر سال تۆھپەڭدىن ئەۋلاد قەلبىگە،
شام ياققىن ، نۇر بەرسۇن يىراق ئەتىگە.
ئىزلىرىڭ قىڭغىر بوپ قالسا ھاياتتا،
مىڭ قارغۇش مىراستۇر نەۋرە ـ چەۋرىگە.

گەر ئەلنى كۆل دېسەڭ، سەن ئۇندا بېلىق،
ۋە ياكى ئەل دېڭىز سەن كىچىك قېيىق.
دېمەككى ، تەقدىرىڭ ئەلگە باغلانغان،
ئېلىڭگە ھۆرمەت قىل، ئېلىڭدىن ھېيىق .

مېۋىسىز دەرەخكە كىم باقىدۇ،
مېۋىلىك دەرەخنى ھەركىم قاقىدۇ.

ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىلى




# ئۇيغۇر رەسسامى ھاشىم قۇرباننىڭ «گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرى» كۆرگەزمىسى ئېچىلدى

2018 ـ يىلى 27 ـ مايدىن 30 ـ مايغىچە شۋېتسىيە پايتەختى ستوكھولمدا قازاقىستانلىق داڭلىق ئۇيغۇر رەسسامى ھاشىم قۇرباننىڭ ( Hashim Kurban ) «گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرى» كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزۈلدى. بىر مەدەنىيەتنىڭ ئۈزۈلمەي مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدا مەدەنىيەتنىڭ تارقىلىشى ئىنتايىن مۇھىم. ئۇيغۇرلار تارىختىن بۇيان مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنىڭ نامايەندىسىنى يارىتىپ كەلگەن بولۇپ، ياۋروپا گاللېرېلىرىدە ئۇيغۇر رەسساملىرىنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ئورۇن ئېلىشى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە تارىخىنى دۇنياغا تونۇتۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. كۆرگەزمە جەريانىدا تاماشىبىنلار رەسسامنىڭ ئۆزگىچە سەنئەت ئەسەرلىرىدىن ھوزۇر ئېلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتى ۋە ئۆرپ ئادەتلىرى بىلەن تونۇشۇپ چىقتى ۋە رەسسامغا يۇقىرى باھالىرىنى بېرىشتى. ھاشىم قۇربان ئەسەرلىرىدە قويۇق مىللىي پۇراق بىلەن مودېرنىزملىق ئۇسلۇب يارىتىش بىرىككەن بولۇپ، ناھايىتى يۇقىرى بەدىئىي قىممەتكە ئىگەدۇر. ھاشىم قۇرباننىڭ ئەسەرلىرىدە تۇرمۇش پۇرىقى كۈچلۈك بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى ۋە ئىجتىمائىي ھاياتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئەسەرلەردىن قەشقەر قەدىمىي كوچىلىرىنى، نان يېقىۋاتقان ئانىلارنى، قاپاق كۆتۈرگەن بوۋىلارنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. رەسسامنىڭ قاپاق سەنئىتى ئىجادىي ئەسەرلىرىمۇ نەپىس ۋە كۆركەم بولۇپ، ئۇيغۇر تارىخى ۋە ئۆرپ ئادەت،

ئېتىقادلىرىمىزنى قاپاق ئۈستىگە مۇجەسسەملىگەن. ئاددىي قاپاق ئۈستىگە ئۆزىنىڭ يۈكسەك ماھارىتى بىلەن، ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى، تارىخىي قەھرىمانلىرى، ياشاش مۇھىتى قاتارلىق مەزمۇنلارنى قوندۇرغان رەسسامنىڭ بۇ خىل قاپاق سەنئىتى ئىجادىيىتى قازاقىستان «گىننىس» رېكوردى قامۇسىغا كىرگۈزۈلگەن. رەسسام ھاشىم قۇربان 1957 - يىلى تاشكەنتتە تۇغۇلۇپ، كېيىن ئۆزبېكىستان سەنئەت ئۇنىۋېرسىتېتىنى تاماملىغاندىن كېيىن، 1961 - يىلدىن ئېتىبارەن قازاقىستاندا ياشاپ كەلمەكتە. 2005 - يىلى «ئىلھام» مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى كۆپ قېتىم دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. 2013 - يىلى، لوندوندا ئۆتكۈزۈلگەن سەنئەت كۆرگەزمىسىدە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. ئۇ قازاقىستان رەسساملار ئاكادېمىيىسىنىڭ ئەزاسى، قازاقىستاننىڭ «تۆھپىكار» شەرىپىگە مۇيەسسەر بولغان. رەسسامنىڭ ئەسەرلىرى قازاقىستان مۇزېيى، ئامېرىكا، گېرمانىيە، ياپونىيە، فرانسىيە، شىۋېتسىيە ۋە شىۋېتسارىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە بەزى شەخس ۋە مۇزېيلارنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا ساقلانماقتا.

زۇلھايات ئۆتكۈر (شىۋېتسىيە)








سەنئەتكار ھاشىم قۇرباننىڭ كۆرگەزمىگە قويۇلغان بىر قىسىم ئەسەرلىرى



# ئالمۇتادا ئۇيغۇر ئانا تىلغا بېغىشلانغان فېستىۋال ئۆتكۈزۈلدى

2018 - يىلى نويابىردا، نويابىر ئالمۇتا شەھىرىنىڭ چايكوۋسكىي نامىدىكى مۇزىكا مەكتىپىنىڭ مەدەنىيەت ئۆيىدە «ئانا تىل دېمەك- خەلقىمنى سۆيمەك» ناملىق جۇمھۇرىيەتلىك تۇنجى قېتىملىق فېستىۋال بولۇپ ئۆتتى.

ئۇلۇغ تىلچى مەھمۇت كاشغەرى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 1010 يىللىقى ۋە مۇتەپەككۇر يۈسۈپ خاس ھاجىب تۇغۇلغانلىقىنىڭ 1000 يىللىقىغا بېغىشلانغان بۇ پائالىيەت ئالمۇتادىكى «ئالامەت» فىلىم ئىشلەش مەركىزى، ئۇيغۇر مىللىي بىرلەشمىسى ۋە «شەبنەم» خانىم- قىزلار كۇلۇبى تەرىپىدىن بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرۇلدى. فېستىۋالغا ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى، ياشلار ئىشتىراق قىلدى. مەزكۇر فېستىۋالنى ئالمۇتا ۋىلايەتلىك ھۆكۈمەت، ئالمۇتا شەھەرلىك بىلىم بېرىش بۆلۈمى، «مىر» نەشرىيات ئۆيى، «پەرۋاز» ئىجراچىلار بىرلەشمىسى ۋە باشقىلار قوللاپ- قۇۋۋەتلىدى.

«ئانا تىل دېمەك- خەلقىمنى سۆيمەك» ناملىق بۇ فېستىۋالنى پېشقەدەم زىيالىي، پېداگوگىكا پەنلىرىنىڭ نامزاتى يېمبىليان ھوشۇروف كىرىشمە سۆز بىلەن باشلىدى. ئۇ ھەر بىر خەلقنىڭ ئۆز ئانا تىلىنى مىللەت سۈپىتىدە ساقلاپ قېلىشىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ئىكەنلىكىنى، قازاقىستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ مىللىي مائارىپ، مەدەنىيەت- سەنەت، ئەدەبىيات ۋە باشقا ساھەلەردە ئېلىپ بېرىۋاتقان پائالىيەتلىرىنىڭ بىرىنچى نۆۋەتتە ئەنە شۇنىڭغا قارىتىلغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئاندىن رىياسەتچى قەلبىنۇر روزىيېۋا فېستىۋال شەرتلىرىنى چۈشەندۈرۈپ، ئوقۇغۇچىلارنى ھەم بەلگىلەنگەن باھالىغۇچىلارنى مۇسابىقە ساھەلىرى بويىچە بۆلدى.

فېستىۋال شەرتى بويىچە ئوقۇغۇچىلار ئەدەبىيات، سەنئەت، تەسۋىرىي سەنئەت ساھەلىرى بويىچە مۇسابىقىگە چۈشتى. بۇنىڭ تەركىبىگە شېئىر يادلاش، ئىلمىي ماقالە ۋە ھېكايە يېزىش، ئانا تىل، ئانا يۇرت، ئانا ۋەتەن ھەققىدە ناخشا ئىجرا قىلىش، «بۈيۈك نامايەندىلىرىمىز»، «مېنىڭ ئەجدادىم»، «بىز ئەجدادلار ۋارىسى» تېمىلىرى بويىچە رەسىم سىزىش قاتارلىق تۈرلەر كىرگۈزۈلدى. فېستىۋالغا ئالمۇتا ۋە چىمكەنت شەھەرلىرى، ئالمۇتا ۋىلايىتىنىڭ پانفىلوف، ئۇيغۇر، ئەمگەكچىقازاق ناھىيەلىرىدىن بولۇپ 170 كە يېقىن ئوقۇغۇچى قاتناشتى.

فېستىۋال يەكۈنى بويىچە غالىب چىققان باللار مەھمۇد كاشغەرى ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپلارنىڭ رەسىملىرى چۈشۈرۈلگەن خاتىرە سوۋغاتلىرى ۋە پەخرىي يارلىقلار بىلەن تەقدىرلەندى.

«ئانا تىل دېمەك- خەلقىمنى سۆيمەك» دەپ ئاتالغان بۇ فېستىۋالنى بىر قاتار ياش سەنئەتكارلار قوللاپ- قۇۋۋەتلەپ، ئۆزلىرىنىڭ ناخشىلىرىنى، ئۇسسۇللىرىنى تەقدىم قىلدى. قىلدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا گۈلسەنەم مەشۇروۋا، ياش چولپان ئىرادە مامۇتوۋا قاتارلىق

ناخشىچىلار، «دولان» ۋە «دىلبەر» مىللىي ئۇسسۇل ئانسامبىللىرى بولدى. مەزكۇر فېستىۋالغا ئوقۇغۇچىلار، ئاتا_ئانىلار، ئۇستازلار ۋە باشقىلار بولۇپ، 300 دىن ئارتۇق ئادەم قاتناشتى. «ئىزدىنىش» ژۇرنىلى بۇ ساندىن باشلاپ، بۇ پائالىيەتكە قاتناشقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرى ئوقۇغۇچىلارغا ئاتانغان «غۇنچىلار» سەھىپىسىدە ئېلان قىلىنىدۇ.

ئويغان (قازاقىستان)















پائالىيەتتىن كۆرۈنۈشلەر.



www.uyghurkitap.com




# «ئۇيغۇرلارغا نەزەر» ژۇرنىلى

«ئۇيغۇرلارغا نەزەر» دۇنيا مەدەنىيەت مەركىزى بولغان فرانسىيەنىڭ پايتەختى پارىژدا 2013 ـ يىلىدىن بېرى نەشىردىن چىقىدىغان بولۇپ، فرانسۇزچە ـ ئۇيغۇرچە قوش تىللىق، يېرىم يىللىق، سىياسەتسىز ۋە دىنى خارەكتېرسىز، ئىلمىي ۋە مەدەنىيەت ژورنىلى. ژورنال قۇرۇلمىسى ئۇيغۇرچە ۋە فرانسۇزچە تەھرىر بۆلۈملىرىدىن تەشكىللەنگەن بولۇپ، بارلىق مەسئۇللار، تەھرىرلەر ۋە تېخنىك خادىملار ژورنالدا ھەقسىز ۋە خالىسانە ئىشلەيدۇ.

«ئۇيغۇرلارغا نەزەر» ھازىرغىچە بىردىنبىر غەرب تىلىدىكى ئۇيغۇرشۇناسلىق ژورنىلى بولۇپ، يېرىمى فرانسۇزچە، يېرىمى ئۇيغۇرچە. ئىككى تىلدىكى ماقالىلەر بىر ـ بىرى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش مەزمۇندا بولۇپ، مەزمۇنى ئوخشىمىغان ماقالىلەرنىڭ يېنىغا قارشى تىلدىكى قىسقىچە چۈشەندۈرۈشى بېرىلىدۇ. ژورنال جەمئىي 60 بەت بولۇپ، ئەڭ چوڭ ئورۇن «ئىلمىي تەتقىقاتلار» سەھىپىسىگە بېرىلگەن. بۇ سەھىپىدە ئۇيغۇرشۇناس، خىتايشۇناسلارنىڭ ئۇيغۇر تارىخى، جەمئىيىتى، مەدەنىيىتى ھەققىدىكى ئىلمىي ماقالىلىرى ئۇيغۇرچە ۋە فرانسۇزچە ئېلان قىلىنىدۇ. قالغان سەھىپىلەردە تىل دەرسى (ئۇيغۇرچە ۋە فرانسۇزچە)، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىن ئۈزۈندىلەر، ئۇيغۇر رايونىغا بارغان چەتئەللىكلەرنىڭ تەسىراتلىرى، ئۇيغۇرلارنىڭ فرانسىيەدىكى ھېس قىلغانلىرى ۋە فرانسىيەدە ياشاشتا بىلىشكە تېگىشلىك پايدىلىق ئۇچۇرلار بېرىلىدۇ.

«ئۇيغۇرلارغا نەزەر» ژورنىلى دۇنيا مىقياسىدا 18 دۆلەتكە تارقىلىدىغان بولۇپ، فرانسۇز تىلى دۆلەتلىرىدىن باشقا يەرلەردە ئاساسەن ئۇيغۇرلار مۇشتەرى بولماقتا. گەرچە يېرىمى فرانسۇزچە ۋە يېرىمى ئۇيغۇرچە بولسىمۇ، ئەمما ئىچىدىكى مەزمۇنلارنىڭ ئەھمىيىتى ۋە سۈپىتى، شۇنداقلا باشقا دۆلەتلەردىكى ئوقۇمۇشلۇق ۋە مىللەتپەرۋەر ئۇيغۇرلىرىمىزنىڭ غەرب تىلىدىكى بىردىنبىر ئۇيغۇرشۇناسلىق ژورنىلىنى قوللاش ئىستىكى ژورنىلىمىزنىڭ باشقا دۆلەتلەردە تارقىلىشىغا تۈرتكە بولماقتا.

«ئۇيغۇرلارغا نەزەر» ژورنىلىغا فرانسىيەدە ھازىر ئونغا يېقىن ئۇنىۋېرسىتېت مۇشتەرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۈتۈپخانىلىرىدىن تاپقىلى بولىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە فرانسىيەدىكى ئەڭ مۇھىم ئالى ئىلىم يۇرتى بولغان پارىژ سىياسىي پەنلەر ئىنستىتۇتى، فرانسىيە شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى قاتارلىقلار بار. بۇلاردىن باشقا يەنە فرانسىيەدىكى ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكى (كۆچمەنلىك ئىدارىسى)، تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى ۋە مەدەنىيەت مىنىستىرلىكلىرىمۇ ژۇرنىلىمىزنىڭ مۇشتەرىلىرى.. فرانسىيە سىرتىدا، فرانسىيە ئوتتۇرا ئاسىيا

www.uyghurkitap.com

تەتقىقات مەركىزى (قىرغىزىستان)، فىرانسىيە ئاناتولىيە تەتقىقات مەركىزى (تۈركىيە) قاتارلىقلارمۇ بىزنىڭ ئاساسىي تەتقىقات ھەمكارلىرىمىز. بۇلاردىن باشقا، فىرانسۇزچە-ئىنگلىزچە ئوتتۇرا ئاسىيا خەۋەر تورى نوۋاستان بىزنىڭ ئاساسلىق ھەمكارلىرىمىزدىن بولۇپ، ھەر سانىمىزدىن بىر پارچە ماقالىنى تور بېتىدە ئېلان قىلىدۇ ۋە مەخسۇس بىز بىلەن ھەمكارلىشىش ئۈچۈن، پەقەتلا رۇس ئوتتۇرا ئاسىياسىنى مەركەز قىلغان بۇ تور بېتىگە تەلىپىمىز بويىچە 2013 - يىلىدىن بېرى قازاقىستان، ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستان ۋە تۈركمەنىستانلارنىڭ يېنىغا "ئۇيغۇر رايونى" سەھىپىسىنى ئېچىپ، بىز بەرگەن ماقالىنى ئېلان قىلىدۇ. بۇ ئورگانلار ئۈچۈن ژورنىلىمىز فىرانسۇزچە بىردىنبىر ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى ئىشەنچلىك ئىلمى مەنبە ھېساپلىنىدۇ. «ئۇيغۇرلارغا نەزەر» ژورنىلى باسما نۇسخا بولۇپ، ھەر بىر سانى 500 تال بېسىلىدۇ ۋە باسما ۋە پوچتا ھەققى ئۈچۈن، ھەر بىر قېتىملىقىغا 3000 ياۋرو كېتىدۇ. مۇشتەرى دائىرىمىز كەڭ بولسىمۇ ئەمما مۇشتەرى سانىمىز ھازىرچە ئاز بولغاچ (200 گە يەتمەيدۇ)، مۇشتەرى ھەققى كېتىدىغان چىقىمغا پەقەتلا يەتمەيدۇ. ئۇيغۇر تىلى تارىختىكى ئەڭ خىرىسلىق پەيتلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈۋاتقان مۇشۇنداق كۈنلەردە، ۋەتەن سىرتىدىكى بارلىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا تىلنى تەشۋىق قىلىدىغان، تارقىتىدىغان، ئۆگىتىدىغان بارلىق مەتبۇئاتلارنى قوللاپ بېرىشىنى، مۇشتەرى بولۇش ئارقىلىق بولسىمۇ، ئانا تىلنى قوغداش كۈرىشىگە قاتنىششىنى ئۈمىد قىلىمىز. ئۇيغۇر تىلىدا مەتبۇئاتلار قانچە كۆپ بولسا، ئۇيغۇرلار ھەققىدە مەخسۇس گېزىت-ژورناللار قانچە كۆپ تەسىس قىلىنسا، بىزگە ھەر جەھەتتىن ياخشى. تىلىمىزنى قوغداشقا كۈچ چىقىرىپلا قالماي، يەنە خەلقئارادا، باشقا مىللەتلەر ئالدىدىمۇ، زىيالىيلىرى كۆپ، بىلىمنى ئاساسى كۈچ ۋە قورال قىلغان مەدەنىي بىر مىللەت ئىكەنلىكىمىزنى نامايەندە قىلغىلى بولىدۇ.

«ئۇيغۇرلارغا نەزەر» ژۇرنىلىنىڭ مۇشتەرى ھەقلىرى فىرانسىيەدە 15.90 ، ياۋروپا ئىتتىپاقىدا 19.90 ۋە باشقا دۆلەتلەردە 25.90 ياۋرو بولۇپ چەك ۋە تور ئارقىلىق رەسمىيەتلەرنى تۆلىگىلى بولىدۇ.

چەك ئارقىلىق: ئوغۇز ئۇيۇشمىسىنىڭ نامىغا قارىتىپ (تۆۋەندىكى "ئوغۇز ئۇيۇشمىسى" فىرانسۇزچە يېزىلىشى) يېزىپ، بىر پارچە قەغەزگە يەنە ئىسىم-فامىلىڭىز، پوچتا ئادرېسىڭىز، تېلېفون نومۇرىڭىز ۋە ئېلخەت ئادرېسىڭىزنى تولدۇرۇپ، لىپاپىنى تۆۋەندىكى ئادرېسقا ئەۋەتسىڭىز بولىدۇ
Association OGHOUZ, Boîte N25°.
3-1 Rue Frédérick Lemaître 75020 Paris.

**تور بېتىمىز ئارقىلىق : تۆۋەندىكى بەتكە كىرىپ، پېيپال ئارقىلىق مۇشتەرى بولالايسىز :**
**www.oghouz.org/mushteri.html**






سۈرەتتە بۈرۈن نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇرلارغا نەزەر» ژۇرنىلىنىڭ بەزى سانلىرى.

دىل رەيھان (فرانسىيە)


فاتىمەنىڭ شېئىرلىرىدىكى يەڭگىللىك نەپەسلىنىدىغان ھاۋاغا، رىتىم ئېقىۋاتقان سۇغا، ئىدىيۋىلىك قارا تۇپراققا ۋە قىزغىنلىق لاۋۇلداۋاتقان ئوتقا ئوخشايدۇ. بۇ شېئىرلاردا بىزنىڭ ۋۇجۇدىمىز بىلەن تەبىئەتنىڭ ۋۇجۇدىنى بىر-بىرىگە باغلايدىغان ئېيتدائىي ئېلېمېنتلارنىڭ ئۇلۇغ بەزمىسى بار. ئۇلار ھاياتلىقىمىزنىڭ مۇقەددەسلىكىنى كۈيلەيدۇ؛ سەنئەتنىڭ تەبىئەتتىن كېلىدىغان تەبىئىي كۈچىنى نامايان قىلىدۇ.
- مەمتىمىن ئەلا

خۇسۇسىي ھېسسىي كەچۈرمىشلەرنىڭ خاتىرىلىرى بولغان بۇ شېئىرلاردا پەقەت فاتىمە سەيياھقىلا خاس بولغان بىر ئالاھىدىلىك ئەكس ئېتىپ تۇراتتى، بۇ ئالاھىدىلىك گويا بىر خرۇستال لوڭقا ئىدىكى، ئۇنىڭ ئىچىدە رەڭگارەڭ گۈللەردىن ھاسىل بولغان بىر گۈلدەستە بار ئىدى. بۇ گۈلدەستىدە ھەر خىل گۈللەرنىڭ خۇشپۇرىقىدىن باشقا يەنە دېڭىزنىڭ، قەھۋەنىڭ، شاكىلاتنىڭ ۋە يات ئەللەردىكى باشقا نۇرغۇن نەرسىلەرنىڭمۇ پۇراقلىرى بار ئىدى. بۇ خرۇستال لوڭقىنىڭ گىرۋەكلىرىدىن يەنە خاتىرىنىڭ قارلىق چوققىلىرىنى، ھېتگاھ جامەسىنىڭ نەقىشلىرىنى ۋە تۇمەن دەرياسىنىڭ ئەگىملىرىنىمۇ بايقىغىلى بولاتتى. ئەڭ مۇھىمى، ئۇنىڭدىن مۇھاجىرەتتە ياشاۋاتقان بىر ئۇيغۇر شائىرەنىڭ ھېسسىي تەجرىبىلىرى چاقناپ تۇراتتى. دېمەك، فاتىمە سەيياھ مۇھاجىرەتتە شېئىر يېزىشنى بىلگەن بىر شائىرە ئىدى.
- تاھىر ھامۇت

فاتىمەنىڭ شېئىرلىرىدىن ئۆزىڭىزنى كۆرۈپ قالسىڭىز ئەجەبلەنمەڭ. ئۇلار تەسەللىي بەرمەيدۇ، نەسىھەت قىلمايدىيۇ، ئۇلارغا ئەگىشىپ جاراھەتلىرىڭىزنىڭ ئېچىلىپ، مەلھەملىنىپ، ساقىيىپ قالغانلىقىنى، قەلب نۇقسانلىرىڭىزنىڭ تۈزۈلۈۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىسىز. چۈنكى بۇ قەلەمدە ئىنسانىيەتكە ئورتاق تۇيغۇلارنىڭ ئەڭ نازۇك، ئەڭ ئىنچىكىلىرى بار.
- خەندان

قەشقەرنىڭ خالتا كوچىلىرىدا سېلىنغان ئىلھام كۆنەلگۈسىنى قىتئەلەر ئاتلاپ يات تىللىق مۇھىتتا ياشاش، ئۇزۇن يىللار تەبىئىي پەنلەر تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىش داۋامىدا خوراتماي بىزگە ئىلھامبەخش مىسرالارنى سۇنغىنىڭىزدىن سۆيۈندۈم. قەلىمىڭىزگە بەرىكەت، تىلىڭىزغا نەپىسلىك يار بولغاي.
- دىلمۇرات ئابدۇقەييۇم




# «ناتونۇش شەھەر»گە تېز سىزما

ئاسماندا يۇلتۇزلار كۆپ، بىز نامىنى بىلىدىغان ۋە ئېسىمىزدە قالىدىغىنى ساناقلىقلا. بىز ئۇلارنىڭ ئىسىملىرىنى ئانىلىرىمىزنىڭ سۆزلەپ بەرگەن چۆچەكلىرىدىن، رىۋايەتلىرىدىن ئاڭلاپ بىلگەن.

ئۇيغۇرلاردا «ئانىلار بىر قولىدا بۆشۈكنى يەنە بىر قولىدا دۇنيانى تەۋرىتىدۇ» دەيدىغان بىر گۈزەل سۆز بار. بۇ جۈملىلەر بىزدە ئانىلارنىڭ، خانىم قىزلارنىڭ ئورنىنىڭ بىز ئۈچۈن قانچىلىك مۇھىملىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. بىز «ناتونۇش شەھەر» نى ئوقۇغىنىمىزدا غەرب زامانىۋى مەدەنىيىتىدە ئەركىن ئۆزىۋاتقان بىر ئۇيغۇر قىزىنىڭ قەلبىدىكى ۋەتەن سۆيگۈسى، يۇرت، ئۇرۇق تۇققان، ماكان سېغىنىشلىرى ھەمدە غەلبە تەنتەنەسىگە ياندىشىپ كەتكەن ئازاپلىق ئىزتىراپلىرىنى بىر شائىرنىڭ قەلىمىدىن چوڭقۇر ھېس قىلالايمىز.

بۇ شېئىرلار ئۇيغۇرنىڭ تەپەككۇر بىلەن دۇنيانى ئايلىنىپ ئاخىرى تارىم ۋادىسىغا كېلىپ توختايدۇ. بۇ شېئىرلار پەقەت ئەدەبىيات تەتقىقاتچىلىرىنىڭلا ئەمەس، كەڭ ئۇيغۇرئوقۇرمەنلىرىنىڭ چوقۇم بىر ئوقۇپ چىقىشىغا ئەرزىيدۇ دەپ قارايمەن. ئىشىنىمەنكى فاتىمە سەيياھ خانىم بۇ كىتابى ئارقىلىق بىزنىڭ ئازاپلىرىمىزنى ئازراق بولسىمۇ يېنىكلىتىپ قالسا ئەجەپ ئەمەس. مېنىڭ سۆزلىگىنىمدىن كۆرە يەنىلا سىزنىڭ «ناتونۇش شەھەر»نى ئوقۇغىنىڭىز ئەۋزەلدۇر.

مۇتەللىپ سەيدۇللا(نورۋېگىيە)

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com







# ئۇ «سۈكۈتتىن» سۆزلىگۈچى

مەن ئۇنى ئۇرۇمچىدىكى ۋاقىتتىلا تونۇيتتىم. گېزىت ژورناللاردا ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ تۇراتتىم، ئاردىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇنىڭ چەتئەلگە چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىدىم. تەقدىرنىڭ قىسمەتلىرى بىلەن مەنمۇ مۇساپىرچىلىق ھاياتىغا يول ئېلىپ قالدىم. كېيىن بىلسەم ئىككىمىز قوشنا دۆلەتتە ئىكەنمىز يەنە تېپىشىۋالدۇق، پات ـ پات تېلفۇن قىلىپ شېئىرىيەت، ئەدەبىيات توغرىسىدا ئۇزۇن ـ ئۇزۇن سۆزلىشىپ قالاتتۇق. ۋەتەندىكى شائىر دوستلار توغرىسىدا پىكىرلىشەتتۇق. بىزنىڭ ئەڭ ھۇزۇرلۇق پاراڭلىرىمىز ئەلبەتتە ئەدەبىيات ئۈستىدە بولاتتى. مۇساپىرچىلىق ھاياتىدا ھەر ئىككىلىمىزنىڭ قولغا قەلەم ئېلىپ بولالمىقانلىقىمىزنى ئويلاپ ئۇھسىناتتۇق. بۇ يىل يازدا ئۆزىنىڭ توپلامىنى چىقىرىشى توغرىسىدا ئويىنى ئېيتقان ئىدى. كېيىن «ئانامنىڭ ئەسلىملىرى » ۋە «سەرسان تۇيغۇلار » ناملىق ئىككى توپلام قولۇمغا تەگدى. مەن بۇ توپلاملارنى ئوقۇغاندىن كېيىن دوستۇم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتنى قايتىدىن تونۇغاندەك بولدۇم. دېمەككى بىر ئىنساننى يۈزەكى تونۇشلا ھەممىنى چۈشەندۈرەلمىگىدەك، «ئانامنىڭ ئەسلىملىرى» ۋە «ئىسمىم تارتقان كۆلپەتلەر» ناملىق ئەسەرلەرنى ئوقۇپ ، كۆزلىرىمگە ياش كەلدى. «سەرسان تۇيغۇلار» نى ئوقۇپ ئۇرۇمچىدىكى ئابدۇشۈكۈرنى ئەمەس تۇرمۇشقا سۈكۈت بىلەن قارايدىغان يۈرىكىگە چوڭقۇر ئازاپنى تولدۇرغان بولسىمۇ، ۋەتەندىن ھېچقاچان ئۈمىدىنى ئۈزمىگەن، پارىژ ئىستانبول ۋە ياۋروپالاردا يۈرۈپمۇ تەكلىمكاننىڭ قۇم بورانلىرىدا تاۋلىنىپ تۇرۇدىغان، ئانا ۋەتەننى ئەسلا ئېسىدىن چىقارمىغان قەيسەر ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتنى كۆرگەندەك بولدۇم. دېمەككى، بۇ ئىككى توپلام ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتنى ماڭا قايتىدىن تونۇتتى. مەزكۇر كىتابلاردىن ۋەتەنسىزلىك ئىچىدە قەلبى ئورتەنگەن بىر ئۇيغۇر شائىرنىڭ قەلبىدىكى سۈكۈتلىرىنىڭ جاۋابىنى تاپالايسىز. ئىشىنىمەنكى تەسرات خامانلىرىڭىز سىزنى چوقۇم مول ـ ھوسۇلغا ئىگە قىلغۇسى!

مۇتەللىپ سەيدۇللا(نورۋېگىيە)









بۇ يىل ئالمۇتادا ئۆتكۈزۈلگەن «ئانا تىل دېمەك-خەلقىمنى سۆيمەك فېستىۋالى»دا سىزغان رەسسىملىرى بىلەن مۇكاپاتلانغان 6 ياشلىق رەسسام: ئابدۇلخالىتوۋا يۇلتۇز. ئالمۇتا 153 - گىمنازىيە 1 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قەشقەردىكى چالغۇ ئەسۋابلىرى بازىرى. 2006 - يىلى تارتىلغان



يالقۇن تاغ

قازاقىستانلىق ئۇيغۇر رەسسام ھاشىم قۇرباننىڭ 2006 - يىلى ۋەتىنىمىزگە ساياھەتى جەريانىدا تارتىلغان